

بەي خۋا

# ئوۋچى قىزى

مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

بەي خوۋا

# ئوۋچى قىزى

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىن ـ 1957

# قسقچه مەزمۇنى

چېگرا تېچ ئەمەس!
لېكن مۇستەھكەم؛
چۈنكى ئۇيەردە
پاسسبان مەھكەم!

بۇ شېر چېگرا ئەسكەرلرىنىڭ مەغرۇر ناخشلرىدىن برى ۋە مۇشۇ كتاپنىڭ مەزمۇنى. بۇ كتاپتكى بر نەچچە ھېكايىدا دۈشمەنلەرنىڭ غەربي جەنۇبي چېگرىلرىمزغا قانداق تۈلكىلكلەر بلەن يوشۇرۇن ئۇۋالغانلىغى، يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلك قزغنلىغىغا ئېگە بولغان چېگرا ئەسكەرلرى ۋە خەلقمزنىڭ دۈشمەنلەرنى قانداق پاش قلغانلىغى تەسۋىرلىنىدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ چېگرىدىكى سۇيىقەستلرى چېچەن ۋە باتۇر چېگرا جەڭچلرى ۋە چېگرا خەلقى ئالدىدا خۇددي كوپۈككە ئوخشاش توزۇپ تۈگەيدۇ.

---

بۇ كتاپ جۇڭگو ياشلرى نەشرىياتى تەرىپىدىن
1955 - ژىلى ئوكتەبردە نەشر قىلىنغان برىنچى
نەشرى ئۈچىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据中国青年出版社1955年10月第一版第三次印刷本譯出

بۇ ھېكايىلارنى بۇ ژىل يازدىم. بۇنىڭدا چېگرا جەڭچىلىرىمۇ تەسۋىرلىنىدۇ، يى ۋە تىبەت قىزلىرىمۇ تەسۋىرلىنىدۇ. تىبەت تۇۋچىسى ۋە مېتېورولوگىيە پۇنكىتىنىڭ ئىشىك باققۇچىسىمۇ تەسۋىرلىنىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ئىمىسى ئوخشاش؛ مەن مۇشۇ ھېكايە ۋە كىشىلەر ئارقىلىق مۇنداق ناھايىتى ئاددى بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈشنى مەخسەت قىلدىم: ئازاتلىققا ئېرىشكەن ۋە بەختىيار تۇرمۇشىبرى كېڭەيۋاتقان جۇڭگونىڭ چېگرا خەلقى دۆلىتىمىزنى ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاشكارا ياكى مەخپىي رەۋىشتە بۇزۇشىغا يول قويمايدۇ! دۈشمەن مەيلى قانچىلىك رەڭمۇ-رەڭ قىياپەتكە كىرىۋالسۇن، مەيلى ھەرقانداق تاسادىپىي پۇرسەتلەردىن پايدىلانسۇن، چېگرا جەڭچىلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارغا يول بەرمەيدۇ!

بىزنىڭ ۋەتىنىمىز نېمە دېگەن كەڭ ۋە گۈزەل! مەنمۇ نۇرغۇن كىتاپخانلارغا ئوخشاش، ھەر تەرەپتىكى ھايات ۋە كۈرەشنى كۆرسۈتۈپ بېرىدىغان تۈرلۈك ستىللاردا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. قارنىڭ ئۆزى ئەسلىدە رەڭسىز سۈزۈك كرىستال، لېكىن قار ئۇچقۇنلىرى بىر-بىرىگە قوشۇلۇشى بىلەن قېتىشقان يۈزدىن نۇر ئەكس ئېتىپ، كىشىنى ئۆزىگە خۇشتار قىلىدىغان ھالغا كېلىدۇ؛ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، مەن، "بۇ ئەسىرىمنىڭ بىر سۈزۈك قار ئۇچقۇنى سۈپىتىدە ئازغىنە بولسىمۇ نۇر چېچىپ، مول ۋە ئاپپاق قارداللىسىغا قوشۇلغاندەك، يېڭى جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات تېررىتورىيىسىگە قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بەي خۇا

1954 - ژىلى يېڭى ژىل ھارپىسى. بېيجىن.

# مۇندەرىجە


قوڭغۇراقسىز كارۋان ........................ 5
بەيگە ھارپىسىدا ........................ 82
ئوۋچى قىزى........................ 106

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قوڭغۇراقسىز كارۋان

جەنۇبىي يۈنەن تاغلىرىدىكى تاربىكەت يوللىرىدا ماڭ-
سىڭىز، ھەممە كارۋانلاردا ئالدىدىكى ئاتلىرىنىڭ بويىنىغا
قاتار ئېسىلغان ئۈچ قوڭغۇراقلارنى كۆرىسىز. بۇ قوڭغۇراق-
لار ئۆزلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، خىرىتلىرىنىڭ تۈرلۈك
بولۇشى بىلەن ئاۋازدا پەرقلىق بولىدۇ. تۇمان ئارىلاپ
ماڭغان كارۋان سىزگە يىراق بولسىمۇ، ئۇنىڭ قوڭغۇراقلىرى
«بىز كەلدۇق، بىز كەلدۇق، بىزنىڭ ئاتلىرىمىز كۆپ،
ئۇدۇلىمىزدىكى كارۋانلار، يول بوشۇتۇپ قويۇڭلار» دىگەن-
دەك قىلىپ ھامان جاراڭلاپ تۇراتتى. كارۋان — ھەقىقەتەن
شاۋقۇنلۇق ئەترەت. ئۇلار تاڭ يورۇغاندا، جىمجىت ياتقان
تاغلارنى ئويغۇتىدۇ، كەچقۇرۇنلىرى ئورمانلىقتىكى ئۇچار-
قاناتلارنى چۆچۈتۈپ ئۇچۇرىدۇ...

— بىر يولۇچى خاتىرىسىدىن.

## ئاجايىپ كارۋان

كۈنىنىڭ غەربكە پېتىشى بىلەن ئاستا يېيىلىشقا باشلىغان
سۈتتەك ئاق تۇمان ئالدى بىلەن دەرەخزارلىقلار ئىچىدە

ئۇزۇپ، جىمجىتلىق ھوكۈم سۈرۈۋاتقان ئورمانلىقنى ئاجايىپ
بىرسىرلىق دۇنياغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. قويۇق تۇمانلارنىڭ ھۇ-
جۇمغا چىداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن بولسا كېرەك، ئېھتىمالىم،
يوپۇرماق ۋە شاخلار مەيۇسلەنگەندەك باشلىرىنى تۆۋەن ئېگى-
شىپ ياشلىرىنى توكۇشمەكتە. ئورمانلىقتا تامچىلاۋاتقان سۇ-
لاردىن چىققان مۇڭلۇق ئاۋازلار كىچىك مۇڭگۈزلىرىنى تىك
تۇتۇپ تۇرغان كىچىك بۇغىنى خۇددى ئەتراپىدىن ئوۋچىلار
قىستاپ كېلىۋاتقاندەك تەشۋىشكە چۈشۈرۈپ، ئۇياق - بۇياققا
ژۇگۈرتمەكتە. مۇڭگۈزىنى دەرخقە ئېسىپ ئۇخلاۋاتقان قېرى
بۇغىمۇ غەلىتى بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ، ھازىر
بېشىنى ئىتتىك كوتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، چوك- چوك
قىلىپ تامچىلاۋاتقان سۇلارنىڭ ئاۋازىنى، ژىراقتىن ئارىلاپ-
ئارىلاپ كېلىۋاتقان ئاجايىپ بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى، - بۇ
ئادەمنىڭ ئاۋازى ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان بۇغا بېشىنى بىر سىل-
كىپلا قاچتى. كىچىك بۇغىمۇ بىر ئاز تېڭىرقاپ تۇردىدە ئانى-
دىن بەدەر قاچتى.

ياۋ مىللىتىدىن بولغان پەن ئانا ئورمانلىقتا ئوزىنىڭ ژۇت-
تۇرۇپ قويغان ئەركەك خېچىرىنى ئىزدەپ ژۇرەتتى. ئۇنىڭ
بۇ خېچىرىنى ئىزدەپ ژۇرگىنىگە ئىككى سائەتتەك ۋاقىت بولۇپ
قالدى. ئۇ، ھازىر قورغانىنىڭ چېتىدىن ئىزدىگىنىچە ماڭا-
ماڭا ئورمان ئىچىگە كېلىپ قالدى.

«ئو ــ ئو! ئو ــ ئو!» ــ پەن ئانا ياۋ خەلقىغە خاس ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن بىر ئۈنلۈك، بىر پەس قىلىپ ئۆز خىيچىرىنى قىچقىردى ۋە: «ھەر قېتىم قويۇپ بەرسەم، قىچقىرمىغىچە كەلمەيدۇ! ياۋا بولۇپ كېتەي دىدى!» ــ دەپ ۋايساپ قويۇپ، يەنە ۋاقىردى «ئو ــ ئو!...»

پەن ئانا...قورغاندىكى ياۋ ــ مياۋ بىرلەشمە مۇداپىيە كومىتېتىنىڭ ئەخبارات ئەزاسى ئىدى. بۇ قورغان ياۋ، مياۋ خەلقلىرى ئارىلاش جايلاشقان چوڭ بىر قورغان ئىدى. پەن ئانا زىرەك خوتۇن ئىدى. ئۇ، ھەرقانداق بىر گۇمانلىق ئىزلارنى سۈرۈشتۈرمەي قويمايتتى؛ ئۇ، ھەتتا ياۋا يىي ھايۋانلارنىڭ ئىزلىرىدىن شۇ ھايۋانلارنىڭ قانداقلىغىنى، چوڭ ــ كىچىكلىگىنى ۋە قانچىلىك يول ماڭغانلىغىنى پەرق ئېتىپ ئالالايتتى. ئۇ، ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بىر قۇچقاچنىڭ ئاۋازىدىن بىر شىپىرنى تېپىپ ئالغان ئىدى، بىر ئىلپىزنىڭ ئىزىدىن ئىزدەپ مېڭىپ، باندىتلارنىڭ ئۇگىسىنىمۇ تېپىپ ئالغان ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق چېچەنلىگى بىلەن چېگرا مۇداپىيە ئارمىيە شتاۋىدىن بىر نەچچە قېتىم تەغدىرلەنگەن ئىدى؛ ئۇنىڭ بۇنداق ھۇشيارلىغى چېگرا خەلقىنىڭ ھاياتىدا ئورتاق ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان.

«ئو ــ ئو! ئو ــ ئو!» ــ پەن ئانا بىر يوغان دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۆزىنىڭ بېشىدىكى ئۈچلۈق قىلىپ ئورىغان

قىزىل روملىنى تۇزەتتى. ئۇنىڭ مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان كۆمۈش گويەكلىرى ۋە قىزىل، سېرىق تىۋىت توپچىلىرى سەل ـ پەل نەملەنگەن، قىزىل، يېشىل قارىغاي ۋە ئارچا يۇپۇرماقلىرىنىڭ سورىتى كەشتىلەنگەن پۇچىقاقلىرىمۇ شەدىنەم بىلەن نەملىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، يەنە زىل ئاۋاز بىلەن توۋلىدى: «ئو ـ ئو!».

خېچىر سول تەرەپتىن ژۇگۇرۇپ كەلگىنىچە پەن ئانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

«ھەي بەغەرەزەي! سەن ھېمىشە مېنى ئىزدىتەمسەن، ماڭ!» — دېدى پەن ئانا ئۇنىڭ ئۇقىسىدىن تۇتۇپ، ۋايساپ.

«شۇنچە تۇماندا، مېنى ئورمانمۇ-ئورمان ئىزدەتتىڭغا...» — پەن ئانا غۇدۇڭشىغىنىچە ئۇنىڭ چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ ماڭدى.

خېچىر بۇ سۆزلەردىن خىجىل بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، تېخى، بىردىنلا چۇلۋۇرنى سېرىپ، تاغ باغرىغا قاراپ ھاڭگىرىغىلى باشلىدى. پەن ئانا خېچىرىنىڭ مۇجەزىنى بىلەتتى، ئۇ، بايتاللارنى كۆرسە ياكى ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىرەر تېۋۇشلىرىنى ئاڭلاپ قالسا، ھاڭگىراپ سەكرەپ كېتەتتى. پەن ئانا دەرھال چۇلۋۇرنى تارتىپ، ئۇنى بىر دەرەخكە باغلىدى ۋە: «قورغىنىمىزدا بۇگۈن ھېچبىر بايتال قويۇپ بېرىلمىگەن ئىدىغۇ، بۇ بايتال نەدىن پەيدا بولدى؟ بايتال بولمىسا، بۇ خېچىر نېمىشكە ھاڭگىرايدۇ؟» — دېگەن گۇمانغا كەلدىدە، غازاڭلارنى

www.uyghurkitap.com

ئاستا دەسسەپ، تاغ باغرىغا چۈشتى. ئۈنىڭ كوزىـگە تۇمان
ئارىلاپ جەنۇپتىن شىمال تەرەپكە كېتىۋاتقان بىر كارۋاننىڭ
قارىسى كورۈندى. ئۇ، تووەنگىرەك چۈشكەندە، تۇمانمۇ سۇيـ
زۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بىرتۇپ دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئوـ
تۇۋېلىپ، يۇپۇرماقلارنى ئارىلاپ پەسكە كوز سالدى. لېكىن ئۇنىڭ
پۇتى بىردىنلا بىر شاخقا تېگىپ، شاخنى شىلدىرلىتىپ سالدى.

دەل شۇ چاغدا پەن ئانىنىڭ كوزىـگە ژىراقتىكى چىغىر
يولدا بىر كىشىنىڭ قارىسى كورۈندى. بېشىغا كۈلرەڭ يولـ
لۇق باشلىق كېـيگەن، چاچـلىرى سول كوزىنى يېپىۋالغان،
ئۈستىگە كوك يوللۇق بېغىرەڭ بىر ئەدىيالنى ئارتـىپ ئالغان،
بۇرۇتلۇق بىر كىشى كارۋان ئالدىدىكى سېرىق بايتالغا مىنىپ
كېلىۋاتاتتى. ئۇ، خېچىرنىڭ ئاۋازى بىلەن شاخنىڭ شىلدىرـ
لاپ كەتكەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، ئېتىنىڭ تىزـ
گىنىنى تارتىپ، چوچۇگەن هالدا ئەتراپىغا كوز سالدى. باشقا
ئاتلارمۇ تېـگىرقاپ توختـاپ قالـدى. هېـلىقى ئادەم يەنە
بىرەرشەپە ئاڭلىمىغاندىن كېيىن، ئاسـتاغىنە: «چۇھ»ـــدەپ
قويۇپ يولىغا ماڭدى، باشقا ئاتلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭـ
دى. پەن ئانا كوڭلىدە ئاتلارنى ساندى: جەمئىي ئون ئالتە
ئات؛ ئالدىدىكى ئاتتا بىر ئادەم بار، ئون ئىككىنچى ئاتتىمۇ
قارا ئەدىيال يېپىنىۋالغان، بېشىغا فرانسۇز شەپكىسى كېيىـ
ۋالغان بىر ئادەم بار، لېكىن ئۇ بېشىنى ئەدىيالنىڭ ئىچىگە

تىقىۋالغانلىقتىن، ئۇنىڭ چىرايىنى پەن ئانا ئوبدان كورەلمە-
دى؛ بۇلاردىن باشقا ئون ئاتقا كاللەك تۇز، تورتىگە بوزۋىغى
ئارتىلغان؛ ھەممىسىنىڭ كەينىدىكى ئاتنىڭ ئۇستىدە بىر قىزچاقمۇ
بار، بۇ قىزچاقنىڭ كىيىملىرىدىن نىسۇ (يى) كىشىسى ئىكەنلىكى
بىلىنىپ تۇراتتى. ئورمانلىقتىن چىققان شامال بىلەن كەلگەن
تۇمان پەن ئانا بىلەن كارۋان ئارىلىغىنى ژىراقلاشتۇرۇۋاتتى.

بۇ، ئاجايىپ بىر كارۋانغۇ! ئالدىدىكى ئاتقا قوڭغۇراقمۇ
ئېسىلمىغان؛ ئون ئاتقا ئاجايىپ مال ئارتىلغان. بۇ ئىچكى ئول-
كىلەرگە توشۇلۇدىغان ماللاردىن ئەمەس؛ ئۇلار ئاجايىپ يول بىلەن
مېڭىپتا! بۇ ئورمانلىقتىكى چىغىر يولدا كارۋاننىڭ مېڭىشى
قىيىن، ئورمانلىقتىكى چىغىر يولدا دەل - دەرەخ خۇددى تورغا
ئوخشاش چىرماش، ئۇ يولدا مارال ياكى تەجرىبىلىك ئوۋ-
چىلاردىن باشقا نەرسە ماڭالمايدۇ؛ ھەممىدىن ئاجايىپى، يولغا
بىۋاخت چىققان. ئالدىدا كەنتمۇ يوق، ئوتەڭمۇ يوق، ئۇنىڭ
ئۇستىگە كەچ بولۇپ قالدى، ئورمانلىقتا قونغىدەك كەڭتاشا
جايمۇ يوق.

پەن ئانا ئەنە شۇ خىياللار بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خې-
چىرىنى يىتىلەپ، قويۇق تۇمان ۋە دەرەخلەرنى ئارىلاپ قور-
غانغا قاراپ ماڭدى. قاراڭغۇ چۇشتى. بىردىنلا بوران چىقىپ،
ھاۋا گۇلدۇرلەپ، چاقماق چېقىشقا باشلىدى، پۇتۇن ئورمان
خۇددى چۇچۇپ ئويغانغاندەك بولۇپ دەرەخلەر ھۇشقۇيتماقتا.

پەن ئانا يامغۇرغا قارىماستىن، بىرلەشمە مۇداپىيە ئەترىتىنىڭ باشلىغى جۇلىنسىننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. جۇلىنسىن قورغان بويىچە ھەممىدىن قاۋۇل بىر ژىگىت ئىدى. كۆپچىلىك ئۇنى خەلق ھوكۇمىتىگە، ئازاتلىق ئارمىيىگە سادىق ۋە جەسۇر بىر ژىگىت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەترەت باشلىغى قىلىپ سايلاپ قويغان ئىدى.

ئۇ، يۈز-كۆزىدىن سۇ چېپىلداپ ئېقىۋاتقان پەن ئانىنى كۆرۈپ، سەندەل يېنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— نىمە ئىش، ئانا؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، شۇنداق. — دېدى پەن ئانا ئۇنى ئۆز يېنىغا چاقىرىپ، جۇلىنسىن يېقىن كەلگەندىن كېيىن، ئورمانلىقتا ئۇچراتقان ئەھۋاللارنى ئۇنىڭ قۇلىغىغا سوزلىدى.

— مە، مانا! — لىنسىننىڭ ئانىسى ئۇنىڭ قارا مىلتىغىنى بىلەن مەشئەل ياغىچىنى ئېلىپ بەردى، — توختاپ تۇر، يامغۇرلۇقنى ئېلىپ بېرەي!

— ياق، ئانا، ئۇنىڭ لازىمى يوق. — جۇلىنسىن قارا مىلتىق بىلەن ھېلىقى مەشئەلنى قولىغا ئېلىپ، پەن ئانا بىلەن ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

— قاراڭلار بۇ بالىنى، يامغۇرغا قارىماستىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى! — جۇلىنسىننىڭ ئانىسى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تەييار بولغان غىزاسىغا قارىدى، — مىنىڭمۇ گېلىم غىققىنە بولۇپ قالدى،

بىردەم كۈتەي، ئەندى......

يەن ئانا بىلەن جۈلىنىسىن ياندۇرۇلغان مەشئەلنى كۆتۈ-
رۈپ، چىغىر يول بىلەن قورغاندىن ئۇن بەش چاقىرىم شەرق-
تىكى بىر مىاۋ خەلقى قورغىنىغا—خۇكېپۇتۇغا قاراپ ماڭدى.
چۈنكى ئۇلار تۇنۇگۈن ئاخشام خۇكېپۇتۇغا چېگىرا مۇداپىئە
قىسمىنىڭ بىر رازۋېتكا ئەترىتى كېلىپ چۈشكەنلىكىنى بى-
لەتتى. ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئەندى شۇ ئەترەتكە مەلۇم قىلى-
ماقچى.

## ئۈچ كارۋان

ھېلىقى ئاجايىپ كارۋان چاقماق چېقىۋاتقان ئورمانلىق
ئىچىدە قىينىلىپ ماڭماقتا. ئۈچ كارۋان ئاتلىرىدىن سەك-
رەپ چۈشۈپ، ئاتلىرىنى يېتىلەپ، پىچىرلاپ سۆزلۈشۈپ ماڭ-
ماقتا.

— ۋى تاغا!—قىزچاق ئەڭ ئاخىرقى ئاتنىڭ يېنىدا ۋىغ-
لامسىراپ سۆزلىدى،—مېڭىۋېرەمدۇق، ئاتلارنىمۇ، ئادەمنىمۇ
ئۆلتۈرەي دەمسىز؟

— ئاغزىڭنى يۇم!—ئۇ ئىككىنچى ئاتنىڭ يېنىدا كېلى-
ۋاتقان ھېلىقى ئادەم جەھلى بىلەن سۆزلىدى،—لى يىسڭ،
يول ئاز قالدى!

— ئۇ، تەڭگىدىن ۋازكەچتى بولغاي!—ئالدىدىكى ئاتنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يىتىلەپ كېتىۋاتقان توكۇر شياۋئۇ ئاچچىقى بىلەن غۇتۇلدى-دى، — ئۇنداق بولمىغاندا سەندىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق بولا سورايتتى!

— مۇشۇ ئەھۋالدا يەنە نەگە ماڭىمىز؟ — قىز يەنە جىدەللەشتى، — چوڭ يول بىلەن ماڭغان بولساق، بۈگۈن ئاخشام خۇكېۋتوغا يېتىۋالاتتۇق. ئالدىراش كارۋان بولمىغاندىن كېيىن، بۇ يولدا مېڭىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار! يولىمىزمۇ ئۇزاپ كەتتى، ئاتلارمۇ ھېرىپ ئۆلۈدىغان بولدى!

— ۋالاقلىما! — ۋى فۇ كېتىۋاتقان يېرىدە توختاپ، بوغۇق ئاۋازى بىلەن سوزلىدى، — ئات، ئات دەيسەن! سېنىڭلا ئېتىڭ ئات بولۇپ، بىزنىڭ ئون ئىككى ئات ئات ئەمەسمىكەن! سەن كارۋاننىڭ قايىدىسىنى بىلمەيدىكەنسەن! قىز بالا بولغاندىن كېيىن ئەيمىنىش - ئىزا تارتىشنى بىلسەڭ بولمامدۇ؟ خۇكېۋتوغا ئوزەڭ بېرىپ چۈش! بىز مېڭىۋېرىمىز. چۈشەندىڭمۇ؟ يەنە ۋالاقلايدىغان بولساڭ، مەن...

لى يىڭ چاقماقنىڭ يورۇغىدا ۋى فۇنىڭ بوزۇرۇپ كەتكەن تەلەتىنى، زەھەرىيغىسىپ تۇرغان ئالىغاي كوزىنى، پاناق بۇرنىنى ۋە ئوڭ كوزىنىڭ كىرۋىكىدىن قۇلاق تۇۋىگە يەتكەن قىلىچ ئىزىنى كورۇپقالدى-دە، ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.

ۋى فۇ — مۇشۇ ئاجايىپ كارۋاننىڭ خوجايىنى. بۇنىڭ تارىخىمۇ ناھايىتى ئاددى، شۇنىڭدەك ناھايىتى مۇرەككەپ.

ئاددىي تەرىپى بولسا، قىرىق ياشلارغا كىرگەن يىگىرمە ژىل
كارۋانچىلىق قىلغان بۇ ئادەمنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. مۇرەك-
كەپ تەرىپى بولسا، بۇنىڭ كارۋانچىلىق قىلىپ قانداق بېيى-
غانلىغىنى باشقىلار بىلمەيدۇ. بۇنىڭ ئەسلىدە ئىككى ئېتى بار
ئىدى، كېيىنچە توخسەن توققۇزغا يەتتى، شۇ چاغدا ئۇ...
مەملىكەت كىشىلىرى غەربىي يۇنىنەندە يۇننەن - بىرما تاش
يولىنى ياسىغاندا، ... مەملىكەت كىشىلىرىگە ماتېريال توشۇپ
بەرگەن ئىدى. ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭ توخسەن توققۇز ئېتى
ئاران ئۇچكە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى ئۇ، ئەپيۇن توشىغاندا
گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ ئەپيۇنلىرىنى ئات - ھاتىلىرى
بىلەن «مۇسادىرە» قىلىۋالغان ئىدى. ئەمما كېيىن ئۇ يەنە
ئەللىك ئاتلىق بولۇپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ ئۆزى بى-
لەن ھەمسەپەر بولغان بىر كارۋان بېشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ،
ئۇنىڭ ئاتلىرىنى بۇلاۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ
كىرۋىكىدىكى پىچاق ئىزى، شۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئۆلۈش ۋاختىدا
ئۇنىڭ يۈزىگە سالغان پىچىغىدىن قالغان ئىز ئىدى. ئۇنىڭ
ژۈرۈكى ئاستىلاپ يۇغۇناپ كەتتى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ئۇ...
مەملىكەت سودىگەرلىرىنىڭ «ئادەتتىكى تاۋار» [1]لىرىنى چەت
مەملىكەتكە توشۇدى... مەملىكەت «مۇھاجىر» لىرىغا ياردەملىشىپ،

[1] ئۇچاغدا بۇنداق تاۋارلار جۇڭگونىڭ ئېسىل نەرسىلىرى بولۇپ
كارۋانلار چەتئەللەرگە توشۇيتتى.

ئۇلارنىڭ «شىكەر قومۇچ»① لىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تونۇشۇ-دى......مەملىكەت كىشىلىرىنىڭ «ئوسۇملۇكلەرنى ئۆگىنىش گرۇپپىسى»② بىلەن ئەيلۇشەن ۋە گولىگوڭشەن تاغلىرىنىمۇ كەزدى. قىسقىسى ئۇ ھېمىشە چەتئەل كونسۇللىرىنىڭ تىجارىتىنى قىلىپ، چەتئەل كىشىلىرى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلاتتى، كورۇنۇشتە بۇ ئىشلار ئۇنىڭ پۇل تاپار يولى بولۇپ كورۇنسىمۇ، ئەمەلىياتتا ئۇ، شۇ چەتئەل كونسۇللىرى بىلەن بىرتەن بولۇپ كەتكەن. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇ ئوتتۇز سەككىز ئاتنى سېتىۋېتىپ، ئۆزىگە قاۋۇل ئاتلاردىن ئون ئىككىنى قالدۇرۇپ، يەنە كارۋانچىلىق قىلدى. ئۇ، كورۇنۇشتە قانۇن-پەرمانغا تولۇق رىئايە قىلىدىغان، خەلق ھوكۇمىتىگە بېرىپ يول خېتى ئېلىشنى زادىلا ئۇنۇتمايدىغان، باج ئىدارىسىغا بېرىپ باج تولەشنىمۇ ئۇنۇتمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ نوۋەتمۇ كورۇنۇشتە ئۇنىڭ قانۇنسىزلىقىنى تېپىش قىيىن؛ ئۇ، مەيلى چوڭ يولدا ماڭسۇن، مەيلى چىغىر يولدا ماڭسۇن، ئۆزىنىڭ مەيلى؛ ئۇ، تۇزنى بولسا، ئىچكى ئۆلكىدىن چېگرا جايلارغا ئېلىپ ماڭغان، لېكىن دولەت سودا شىركەتلىرى يېقىندا ئۇ جايلارغا نۇرغۇن تۇز كەلتۇرگەچكە، ئۇ، تۇزلىرىنى ساتالماي،

① شىكەر قومۇچلىرى ئارىسىدا مىلتىق بولاتتى. بۇنى گومىنداڭ ئاموزىنلىرى بىلىپ تۇرۇپ سورىيالمايتتى.

② شۇ نام ئاستىدىكى شپيونلۇق تەشكىلاتى.

يەنە باج تولەپ قايتۇرۇپ ئېلىپ ماڭغان... لېكىن ئەمەلىياتتا بولسا ، ئۇ، ئۆۋ قىلىش باھانىسى بىلەن چېگرا ئۇستىدىكى بىر ئورمانلىقتا① ئوزىنىڭ كونا خېرىدارى — ئازاتلىقتىن ئىلگىركى بىر چەتئەل كونسۇلى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ «كونسۇل» ۋېيفۇنىڭ ئىككى ياۋا چوشقىسىغا بىر خالتاجا تەڭگىنى قوشۇپ، ياۋا چوشقا قورسۇغۇدىكى «ئازغىنە مال»نى جۇڭگو تۇپرىغىدىكى بىر كاتولىك ئىبادەتخانىسىنىڭ شەيخىغا ئاپىرىپ بەرگىن، دەپ تاپشۇردى.

— بۇرادەر، — دېدى «كونسۇل» ۋېيفۇغا، — مەن جۇڭگودىن ئايرىلغاندىن بۇيان مانا ئەندى سەن بىلەن بىرىنچى قېتىم ئالاقە باغلىدىم، بۇ ئازغىنە مالنى ھوكۇمىتىمىز قىزىللاشقان جۇڭگودا بىزگە ئۇمىت باغلاپ تۇرغان كىشىلەرگە ياردەم ئورنىدا ئېۋەتتى. مەن بۇنى نەچچە كوپ قىيىنچىلىقلار بىلەن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم. ھازىر تېخىمۇ قىيىن... بۇلارنى سەن ئالغاچ كەت، جۇڭگو كوممۇنىست ئەسكەرلىرىنىڭ زارۇۋېتچىكلىرىنىڭ كوزىگە كورسەتمە. سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم! يولۇڭ خەيرلىك بولسۇن! قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قالساڭ، شەيخ ماڭا رادىو گرامما بىلەن خەۋەر قىلدۇ! خەير!

ۋېيفۇ ئوز شېرىكى شياۋئۇ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىرىنچى كۇنى... ئورمانلىق بىلەن مېڭىپ، خوكېيوتۇدىكى رازۋېتچىكلارنى ،

① ئىككى دولەت چېگرىسىدىكى ئورمانلىق.

www.uyghurkitap.com

ئايلىنىپ ، تۇنـدە ... قورغانىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كەلدى.

شياۋئۇمۇ ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەن، لېكىن ساقال قويۇپ قېرى چىراي بولۇۋالغان ئادەم. ئۇنىڭ تارىخى ۋىيفۇنىڭكىدەك مۇرەككەپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ، كىچىكىدىن تارتىپلا بىر گۇرۇھ خەلقارا باندىتلار بىلەن ھەمتاۋاق بولۇپ كەتكەن. ئۇ، بۇندىن بەش ژىل ئىلگىرى شېرىكلىرى بىلەن بىرتەي قىزىـنى تالىشىپ قېلىپ، شېرىكى ئۇنى دەريادىن ئىشتتىرىپ تاشـلىغاندا، ئۆلمىگەن بولسىمۇ، سول پۇتى سۇنۇپ، ژىقىلىپ قالغاندا، كارۋان ۋىيفۇغا ئۇچراپ، ۋىيفۇ ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىپ، پۇتىنى ساقايتقان ئىدى. شۇندىن تارتىپ سول پۇتى بىر ئاز قىسقا، لېكىن ئوڭ پۇتى ناھايىتى چاققان. يول بويىدىكى تاشقا چىقىپ، بىر سەكرەپلا ئاتقا مىنەلەيدۇ. شۇڭا ئۇ، كارۋان بېشىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ تەرەپتە قارا يامغۇر ئاستىلاپ توختاپ قالدى. شياۋئۇنىڭ ئالدىدا كەڭرەك بىر دەريا كانارىسى كورۈندى. ئۇلار خەۋپلىك جايدىن بىر ئاز ژىراقلاشتۇق، دەپ ئويلاشتى. شۇڭا شياۋئۇ بىلەن ۋىيفۇ مۇشۇ يەرگە چۈشۈش قارارىغا كېلىشتى.

— لى يىك، قۇرسىقىڭ ئاچتىمۇ، ھە؟ — دەپ ۋاقىرىدى ۋىيفۇ.

— ئېچىپ ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتتى.—لى يىڭ كېتى-ۋاتقان جايدا ئۆزىنى تاشلاپلا ئولتۇردى.

— قازاننى يەشمەمسەن! غىزاقىل، قوپ!

— قىلمايمەن!—لى يىڭ ئۇزۇل-كېسىل سوزلىدى—مەن سىلەرگە ئېيتمىنى ياللاپ بەرگەن. ئوزەممۇ ياللانغان ئەمەس-مەن!

— ئوھو!—دىدى شياۋئۇ ھەيران قالغان كىشىدەك،—بىز سېنى مېھمان قىلىپ ئېلىپ كېپ-تىمىز-دە؟ مەيلىڭ، ئولتۇ-رۇپ تۇر! تارتقۇلۇقنى كېيىن تارتارسەن!

— لى يىڭ!—ۋېيفۇ لى يىڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ، زۇڭزۇ-يۇپ ئولتۇرۇپ ساختا مېھرىۋانلىق بىلەن سوزلىدى،—ئوبدان قىز، داداڭ بۈگۈن ئەتىگەن كارۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ سېنى بىزگە تاپشۇرغانلىغىنى ئېيتمىدىمۇ، ساڭا مېنى ۋېيتاغا دىگىن دەپمۇ جېكىلىمىدىمۇ؟ بىر يولدا ماڭغاندىن كېيىن، ھەممىمىز بىر ئوينىڭ ئادىمىگە ئوخشاش، بىرىنچى كۈنىلا...

— كىم سەن بىلەن بىر ئوينىڭ ئادىمىگە ئوخشايدىكەن؟
—لى يىڭ كوزىنى ئالايتتى.

— بوپتۇ، بوپتۇ. سوز تالاشمىدىم. لېكىن غىزاغا تۇتۇش قىل. مەن شياۋئۇ بىلەن ژۇكلەرنى چۇشۇرۇپ، ئاتلارغا بوغۇز بېرىمەن.—قوپ، قوپ—ۋېيفۇ لى يىڭنى تارتتى،—قازان، گوش، تۇز ھەممىسى تورۇق ئاتتا...

لى يىڭ كالپۇگىنى شۇمشەيتكىنىچە تورۇق ئاتنىڭ قازان، تۇز ۋە گوشلەرنى يەشكىلى ماڭدى.

— باش بالىغا تولىمۇ قاتتىق تېگىش يارىمايدۇ، — دېدى ۋى‌فۇ شياۋئۇغا پىچىرلاپ، — مانا مەندەك سىلىق گەپ قىلساڭ، ئىش ئاسانلا پۈتۈدۇ.

شياۋئۇ بىلەن ۋى‌فۇ ئون ئالتە ئاتنىڭ چوملىرىنى يەشتى. ئاندىن كېيىن ئاتلارغا تۇۋرا كەيگۈزدى، ئاتلار ئېچىرقاپ كەت-كەشكە تۇۋرىدىكى قوناقلارنى كورۇسلىتىپ چايناشقا باشلىدى.

ۋى‌فۇ كېرىلىپ ئالغاندىن كېيىن، تورت چومىنى جۈپلەپ، ئاستىغا ئەدىيالنى سېلىپ، چومنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ياتتى. يۇنەن كارۋانلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىپ ئۇخلايتتى.

— شياۋئۇ! — دېدى ۋى‌فۇ بېشىنى چىقىرىپ، — سەن ئاۋۇقىزغا ھە-ھۇ دېيىشكىن. مەن بىر ئاز ئۇخلاپ ئالاي...— ئۇ سوزلەۋېتىپ «ئا...-ئا...» قىلىپ ئەسنىدى.

— ئۇخلاۋە! غىزا تەييار بولغاندا ئويغۇتىمەن. — شياۋئۇ يەلكىسىدىكى ئەدىيالنى بىر ئاز ژۇقۇرى كوتۇرۇپ قويۇپ، لى يىڭنىڭ يېنىغا ماڭدى.

لى يىڭ ئوتنى ناھايىتى تەسلىكتە ياندۇرۇپ، قازاننى بىر ئاچىماق ياغاچقا ئاستى. قازاندىكى سۇ چىمىلداشقا باشلىغاندا، يەنە ئوتقاشاخ شومبا سالدى. ھول شاخلار پاراسلاپ كويمەكتە.

— ھەي! — شياۋئۇ قىزنىڭ ئۇدۇلىدا ھول چوپلۇك ئۇستىدە

ئولتۇرۇپ سورىدى، ـــ مەن ياردەملىشىدىغان ئىش-پىش بارمۇ؟
لى يىڭ ئوتقا شاخ سېلىپ تۇرۇپ، بېشىنى كوتۇرۇپمۇ قويمىدى.

ـــ خاپا بولما. بىز بىلەن كېلىشنى كەلدىڭ، بۇ نوۋەت جىق پۇل تاپىدىغان بولدۇڭ!

لى يىڭ يەنە ئۈن چىقارمىدى.

ـــ ھەي! پەرۋاسىز ئولتۇرىسەنغۇ؟ ـــ شياۋئۇ بىر چىۋىق بىلەن ئۇنىڭ تاجىسىدىكى① كومۇچ قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى، ماڭا قاراپ بىر كۇلۈۋاتقىنا، بىر كۇلسەڭ بىر يېرىم تەڭگە بېرىمەن!

لى يىڭ بېشىنى كوتۇرۇپ، ئۇنىڭغا غەزەپ كوزىنى تىكتى. ئۇ، بۇگۈن بىر كۇندىلا بۇلارنى يامان كورۇپ قالغان ۋە بۇلارغا نەپرەتلەنگەن ئىدى، ئۇ، بۇلارنى ئازاتلىقتىن ئىلگىركى خەنسۇلار بىلەن ئوخشاش «روھى نىجاسەتكە ئوخشاش پاسكىنا» دەپ ھىس قىلغان ئىدى. دادىسىنىڭ سوزىگە كىرگەنلىگىگە، ئېتىنى ياللاپ بەرگىنىگە پۇشايمان قىلغان ئىدى. ئەگەر يەنە بىرەر كۈن تۇرغان بولسا، سودا شېركىتىنىڭ ژۇكىلىرىنى كىراغا ئېلىپ، چوڭ يولدا، ئوتەڭگە چۇشۇپ ماڭاتتى، خىزمەتچى يولداشلار يولدا ئۇنىڭغا غەزەل ئوگۇتەتتى، خەت تونۇتۇپ قوياتتى.

① يى قىزلىرى كىيىدىغان تاجىغا ئوخشاش دوپپا.

— غىزا قىلمايمەن! — ئۇ، كۆيۈۋاتقان ئوتۇنلارنى غەزەپ بىلەن تارتىۋەتتى، ئوت ئۆچتى.

— مەيلىڭ، — شياۋئۇ ئۇنىڭ يېنىدىن قوزغۇلۇپ كەتتى، — چىشىمغا تەگمەي، ئۆزەڭ قىل!

شياۋئۇ كەتكەندىن كېيىن، لى يىڭ ئوتنى يەنە ياندۇردى.

ئۈچۈيلەن غىزانى يەپ بولغاندىن كېيىن، لى يىڭ يەنە قاچا-قۇچىنى ژىغىشتۇردى، ۋېيفۇ يەنە خورەك تارتىپ ياتتى.

لى يىڭ ئىسسىقلىق قازاننى يەنە سۇ بىلەن تولدۇرۇپ، ئوت يېنىدا ئۆزىنىڭ كۆلرەڭ ئەدىيالىنى يېپىنىپ، يالغۇز ئولتۇردى. ئۇ، شۇ ھالدا كېچىچە ئولتۇرماقچى.

— لى يىڭ! — شياۋئۇ يەنە ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە پەيدا بولدى، — ئۇخلىمامسەن؟

— ئۇخلىمايمەن! — لى يىڭ ئۇنىڭغا قارىماستىن تۇرۇپ جاۋاپ بەردى.

— ئۇخلاپ ئالمىساڭ، ئەرتە ئات ئۈستىدىن ژىقىلىپ چۈشىسەن، — شياۋئۇ ئۇنىڭ يەلكىسىنى تۇتتى.

— ۋايجان! — لى يىڭ ۋاقىرىۋەتتى، — ئالۋاستى!......

— نىمە بولدى؟ — ۋېيفۇ چوم ئارىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ توۋلىدى، — شياۋئۇ! ھوي شياۋئۇ! بۇياققا كەل! يەنە ئۇنىڭ چىشىغا تېگىۋاتامسەن!

— كىم ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپتۇ؟ — شياۋئۇ ۋېيفۇنىڭ يېنىغا

كەلدى، — چېقىلا - چېقىلماستىن، ئالۋاستى، دەپ ۋاقىراۋا-
تىدۇ!

— شياۋئۇ! — دېدى ۋىفۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ — بۇيەر قە-
يەر؟ ساڭا جان-لازىم ئەمەسمۇ؟ مەن دېمىسەممۇ بىلمەمسەن،
بۇ يولغا كىرگەن ئادەمنى قاراقچىلار بىلەن تەگلەشتۇرگىلى
بولمايدۇ. يات ئۇخلا!

شياۋئۇ ساقىلىنى سىلاپ، خاپا هالدا چوملارنىڭ ئارىسىغا
كىردى. ۋىفۇ خۇددى قاراڭغۇ بۇلۇڭدا ياتقان قوڭغۇزلاردەك
ئۇنىڭ بىلەن گۇدۇڭلاپ پىچىرلىشىپ كەتتى.

لى يىڭ ئوتنى ئۇيان - بۇيان قىلىپ كوچۇلاپ، ئوزى يال-
غۇز ئولتۇرماقتا. هازىر ئۇنىڭ يېگانە قېرىندىشى — ئوت. بۇ
ئوت ئۇنىڭ ئالدىدىكى يوپۇرماقلارنى ۋە ئۇنىڭ يۈزىنى يو-
رۇتماقتا. لېكىن ئۇنىڭ ئارقا تەرىپى قاپ - قاراڭغۇ، ئەتراپىمۇ
قاراڭغۇ. ئۇ، دۇمبىسىنىڭ توڭلىغىنىنى هىس قىلىپ، ئاغرىپ
كارۋاتتا ياتقان دادىسىنى، بۇ يات يولنى، ئىككى ياۋۇز ئا-
دەمنى كوز ئالدىغا كەلتۇرۇپ، كوزلىرىدىن ياش توكتى. ياش
تامچىلىرى ئۇنىڭ مۇزدەك يۈزىدىن سىيرىلىپ ئاقماقتا، بۇ
نىمە دېگەن قورقۇنۇچ! ئۇ، ئىچىدە: «دادا» — دېدىدە بېشىنى
تىزىغا قويۇپ ژىغلاشقا باشلىدى.

بىر ئۇزۇن قويرۇقلۇق تىيىن قازان ئېسىلغان شاخنى بويى-
لاپ پەسكە چۇشۇپ، نۇرلۇق كوزىنى لى يىڭغا هەمدەرتلىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بىلەن تىركىپ، كېيىن مەدەت قىلىشقا ئامال تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە دەرەخقە چىقىپ كەتتى.

## ئەخبارات

خوڭپۇتۇدىكى مياۋ قورغىنى بوران ئىچىدە قالدى. رازۋېتـ چىكلار ئەتىرىدىنىڭ ۋاختىلىق شتاۋى بىرلەشمە مۇداپىيە ئەترـ ىدىنىڭ ئەزاسى بولغان بىر مياۋ ئائىلىسىنىڭ ساتمىسىغا جايلاشقان. ئاتلىقلارنىڭ تولىسى مياۋ ئائىلىسىنىڭ ئاشلىق دوۋىلەيدىغان بىر سوقما تېمى ئىچىدە ئۇخلۇشۇپ قالغان ئىدى، پەقەت ئەترەت كوماندىرى بىلەن ئىنستىرۇكتور ساتمىسىنىڭ ئايال خوـ جايىنى بىلەن سەندەل يېنىدا ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشماقتا. ياش ئايال خوجايىن بوۋاق بالىسىنى قۇچاغلاپ ئولتۇرۇپ، ئائىلىسىنىڭ بۇ ژىلقى ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى سۆزلەپ بەرـ مەكتە. ئۇ، خەنسۇچە سۆزنى ئانچە ئوبدان سۆزلىيەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇختۇرالمىغان سۆزلىرىنى ئىشارەت بىلەن بولسىمۇ ئۇخـ تۇرالايتتى.

ـــ سالام؟ـــ ئىشىك ئالدىغا ئۇرۇش خەندىكىگە خاس يامـ غۇر كىيىمى يېپىنىۋالغان، ھەيتىلىك دىژورنى ـــ ۋزۋود كومانـ دىرى كىلىپ، ئەترەت كوماندىرىغا سالام بەردى: ـــ رۇخسەتمۇ كىرىدىشكە؟

ـــ رۇخسەت!

— ھەپتىلىك دىژۇرنى—ۋزۋود كوماندىرى فىڭتىڭگوۋيدىن مەلۇمات: ... قورغان بىرلەشمە مۇداپىئە ئەخبارات ئەزاسى پەن ئانا بىلەن بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىدىنىڭ باشلىغى جۇلىنىسىن كېچىلەپ ئەخبارات ئېلىپ كېپتۇ!

رازۋېتچىكلار باشلىغى بىلەن ئىنسترۇكتورسەندەل يېنىدىن تۇردى.

— ئۇلار كىرسۇن! —دىدى رازۋېتچىكلار باشلىغى.

— خوپ! —فىڭتىڭگوۋي سالام بېرىپ قايتتى.

سوقما تام ئىچىدە شىرىن ئۇيقۇدا ياتقان جەڭچىلەرمۇ «ئەخبارات» دىگەن سوزنى ئاڭلاپ، كوماندىردىن بۇيرۇق چۈشمەستىنلا، جاڭگىۋار ۋەزىپىگە چىقىشنى پەھملەشتى ۋە كوماندىرنىڭ دىققىتىنى ئوغۇرلاپ، سوقماتامدىن ئاستا چۈشۈشتى.

پەن ئانا بىلەن رازۋېتچىكلار باشلىغى كونا تونۇش ئىدى. لېكىن ئۇ رازۋېتچىكلار باشلىغىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سالاملاشماستىنلا، ئورمانلىقتا كورگەن ئاجايىپ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى. ئۇ، مەلۇمات بېرىۋاتقاندا، ساتما ئويدە شۇنداق جىمجىتلىق ھوكۇم سۇردىكى، ھەتتا ھەممە ئادەم نەپەسلىرىنىمۇ توختۇتىۋالدى، ياش مياۋ ئايىلى بالىسىنى قۇچاغلاپ ئولتۇرۇپ، بوينىنى ئۇزارتىپ قۇلاق سالدى. ئۇ جەڭلەرنى ئوز بېشىدىن ئوتكەزگەن بىر ئايال ئىدى. شۇڭا ئۇ جىددى ۋە تەمكىن ھالدا ئولتۇردى. جەڭچىلەر ئوزلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت

www.uyghurkitap.com

ۋە ئادەتلىرى بويىچە بەتىنگىلىرىنىڭ بوقۇشلىرىنى چېكىشكە باشلىدى. تالادا چاقماق چېقىپ ئىشىككە يولۇنۇپ تۇرغان جەگچىلەرنىڭ يۈزىگە پات ـ پات چاقماق نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى:

پەن ئانا بىلەن جۈلنىسىن ئەھۋالنى جىددىيەت بىلەن مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كوماندىر ئۆزىنىڭ كەمىرىنى چىڭىتىپ بولۇپ، ئارقىسىغا قارىدى ۋە بىردىنلا ئىككى ياندا توپلىشىپ تۇرغان جەگچىلەرنى كۆرۈپ قالدى.

ـــ يولداشلار، نىمە قىلىشقا تىسلەر؟

ـــ تەييارلاندۇق، ۋەتەننى قوغداشقا تەييارمىز! ـــ جەگچىلەر تىك تۇرۇشۇپ جاۋاپ قايتۇردى.

ـــ توغرى! ـــ دىدى كوماندىر بىر كۆز ژۇگۈرتۈپ ئېلىپ، ـــ تەييار تۇرغىنىڭلار توغرى. لېكىن سىلەرنى ھەركەتلىنىڭلار دېگەن كىشى يوققۇ؟ شۇنداقمۇ ئىنسترۇكتور؟

ـــ شۇنداق. ـــ ئىنسترۇكتور جەگچىلەرگە قارىدى، ـــ سىلەر دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار، ۋەزىپە چىققاندا چاقىرىمىز.

جەگچىلەر يەنە يالغۇز ياغاچقا يامىشىپ، بىر ـ بىردىن سوقما سۇپىغا چىقىشتى. ئەلۋەتتە، ئۇلار سۇپىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، پەس ئاۋاز بىلەن ئۆز ھوكۇملىرىنى سۆزلەشمەي قالمىدى.

ـــ پەن ئانا، جۈلنىسىن، ئولتۇرۇڭلار ـــ كوماندىر مېھمان

لارنى سەندەل يېنىغا تەكلىپ قىلدى. — بۇ ئاجايىپ كارۋان ئىكەن. مېنىڭ پەھىمىمچە، بۇ كارۋان لامۇڭ كەنتىدىن كەلـ گەن بولسا كېرەك.

— شۇنداق بولسا كېرەك. — ئىنسترۇكتور تەمكىن سوزلىدى.

— توغرى، لامۇڭ كەنتى بىلەن بىزنىڭ قورغانىمىزنىڭ ئارقا تەرىپى بىر كۆنلۈك يول... — جۇلىنىسىن قولىدىكى مەشئەلنى ئوچۇرىۋەتتى.

— تېلېفونچى! — كوماندىر قىچقىردى.

— بار! — تېلېفون يېنىدا ئولتۇرغان تېلېفونچى ئورنىدىن تۇردى.

— تېلېفون توغرىلاغلىقمۇ؟

— بۇيەرگە كېلىش بىلەنلا توغرىلاپ قويغانمەن.

— ئۇنداق بولسا، لامۇڭ كەنتى 0069 ـ 3 ـ بولۇمنى ئال.

— خوپ! — تېلېفوننى بۇرىدى.

— كوماندىر، — دېدى پەن ئانا، — بۇ كارۋاننى توختۇتۇپ قويمايلىمۇ؟

— نېمىشقا؟ — كوماندىر سورىدى.

— ئۇلارنى تەكشۇرۇشىمىز لازىم! — پەن ئانا دەرھال جاـ ۋاپ بەردى.

— ھازىر ئۇلار ئۇستىدە پەقەت گۇمانلا بار. ئەگەر تەكـ شۇرۇپ ئۇلارنى چوچۇتۇپ قويساق، ئىشىمىزنى چاتاقلاشتۇرۇپ

قويۇمىز. تەكشۈرۈشتىن نېتىجە چىقىرىشىمىز بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىنچە ئۇلار قەستەنگە بىزنى تۇسۇۋالىدى، دەپ گەپ تاپىدۇ.

— لېكىن بۇكارۋاندا چاتاق بار.— جۇلىنىسىن سۆزلىدى.

— چاتاق نەدە؟— ئىنسترۇكتور سورىدى.

جۇلىنىسىن دەرھال ئىشەنچلىك بىر ئاساس كۆرسۈتەلمىدى.

— ئۇلاردا چاتاق بار. چاتاقنى تەكشۈرۈپ تاپماي قويـمايمىز، ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلار، ئورمانلىقتا يوشۇرنۇپ ئالالايمىز دەپ ئويلىسا كېرەك، لېكىن بىز، ئورمانلىق ئۇلارنى تۇتۇدىغان تور دەپ ئويلايمىز.— ئىنسترۇكتور ئوت كۆچلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى.

— كوماندىر!— تېلېفونچى تروپكىنى سۇندى،— 0069 — 3 — بولۇم.

كوماندىر تروپكىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ تەرەپتىن سورىدى:

— ئالو! 3 — بولۇمما؟ سىز... سىز تەكشۈرگۈچى فاكمۇ؟

— ھە، مەن! ئاڭلىدىم. سىز 205 — رازۋېتچىكلار ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ كوماندىرىمۇ!...— تەكشۈرگۈچى فاك جاۋاپ قايتۇردى.

— ئالو! بۈگۈن سەھەردە سىلەر تەرەپتىن ئون ئالتە ئاتلىق بىر كارۋان يولغا چىقتىمۇ؟

— ھەئە.

— نەچچە كىشى بار؟

— ئۈچ كىشى. ئىككى ئەركەك بىر قىز.

— يول خېتى بارمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ! يولداش كوماندىر، يول خېتىنى تەكشۈردۈك، باج قەغەزلىرىنىمۇ تەكشۈردۈك. ئۇلار ئادەتتىكى سودىگەر كىشىلەر...

— مېنىڭچە ئادەتتىكى كىشىلەر بولمىسا كېرەك! ئادەتتىكى كىشىلەردىن بولسا، نېمىشكە تۇزنى ئىچكى ئۆلكىگە ئېلىپ ماڭىدۇ؟

— ئۇلار تۇزنى ئوتكەن ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا كەنتىمىزگە ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. دولەتلىك سودا شىركىتىدىن نۇرغۇن تۇز كەلتۈرۈلگەچكە، ئۇلار تۇزىنى سودا شىركىتى بىلەن ئوخشاش باھادا سېتىشنى خالىماي، ئىچكى ئۆلكىگە قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولدى. ئۇلار كەنتتىن يەنە تورت ئات يالالاپ ئالدى، تورت ئۇلاق بوزۋېغى ئالدى. ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشى بىزگە مەلۇم...

— ھەممىسى مەلۇمما؟ — كوماندىر قايتا سورىدى.

— مەلۇم، — تەكشۈرگۈچىنىڭ جەھلى چىققاندەك بولدى.

— سىلەرگە مەلۇم بولمىغان يەرلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن؟

— يوق.

— ئۇنداق بولسا سىزدىن بىرلا مەسىلە سورايمەن.

www.uyghurkitap.com

— سوراڭ !

— بۇ كارۋان كەنتلەردە تۇرغاندا نىمە ئىشلارنى قىلدى؟

— بە ...بەلكىم سودا — سېتىق ئىشلىرىنى قىلغان بولسا كېرەك.

— بەلكىم ؟— كوماندىر ئۇنلۇك سوزلىدى.— ئەگەر باشقا ئىشلارنى قىلغان بولسچۇ؟

— ئۇنىڭغا ...

— ئېنىق تەكشۇرۇش كېرەك !— كوماندىر جىددىي سوز- لىدى،— مەن چېگىرا مۇداپىە شتاۋىنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلىپ، سىزگە بۇيرۇيمەن: بۇ كارۋانىنىڭ كەنتىڭىزدە قىلغان ھەممە ئىشلىرىنى ئېنىق تەكشۇرۇسىز. بۇ بىزنىڭچە مۇھىم. چاپسان ھەم ئوبدان تەكشۇرۇڭ!

— خوپ!

كوماندىر تروپكىنى داقىتا قويۇپ، ئىنستروكتور تەرەپكە قارىدى.

— بىزنىڭ بەزى خىزمەتچىلىرىمىز، ھۇججەتلەرنى كورۇپ بېقىش بىلەنلا قانائەتلىنىدىكەن!

— توغرى،— دەپ كۇلدى ئىنستروكتور،— ئۇلار ئەڭ گالىۋاڭ شپىونىڭمۇ يول خەت ئېلىشنى ئۇنۇتمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

— مۇنداق بولسۇن،— كوماندىر يەن ئانىڭغا مەسلىھەت تېرىقە-

سىدە سوزلىدى، — بۇ ئىشقا يەنە ئىككىڭلار كۆچ چىقىرىڭلار. مەن بىرىنچى ۋزۋود كوماندىرى فلۇ تىگگۇينى سىلەرگە قوشاي. پەن ئانا، سىلەر كېچىلەپ كارۋاننىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۇتۇپ، ئۇلارنى ... كوچىدا كۇتۇپ تۇرۇسلەر... — كوماندىر ئىشىككە قاراپ قىچقىردى، — بىرىنچى ۋزۋود كوماندىرى.

— بار! — فلۇ تىگگوي كوماندىر ئالدىغا كەلدى.

— سىز مۇشۇ يەرلىك، كۇرەش تەجرىبىڭىزمۇ بار. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى بۇيەردە پارتىزانلىقمۇ قىلدىڭىز. سىز ھازىر جۇلىنسىن ۋە پەن ئانا بىلەن مۇشۇ كارۋاننى تەكشۇرۇسىز. شەرت شۇ: ھېچكىمنى چوچۇتۇشكە رۇخسەت يوق. تولۇق ئاساس تاپقاندىن كېيىن... — كوماندىر سوزىنىڭ ئاخىرىدا بەزى كونكرېت چارىلارنىمۇ كورسەتتى.

فلۇ تىگگوي جۇلىنسىن ۋە پەن ئانا بىلەن ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا تەييارلىنىش ئالدىدا تۇراتتى، تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى.

كوماندىر تېلېفوننى قولىغا ئېلىشى بىلەن، تەكشۇرگۇچى فاڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يولداش كوماندىرما؟...

— يېڭى ئەھۋال بارمۇ؟

— بىرلا ۋەقە تېپىلدى.

— نىمە ۋەقە؟

www.uyghurkitap.com

— ئىككى كارۋان تورت كۈن ئىلگىرى ئورمانلىقتا بىرىپ ئوۋ قىلغان ئىكەن.

— ئوۋدا نىمە چۈشۈرۈپتۇ؟

— ئىككى ياۋا چوشقىدىن باشقا نەرسە چۈشۈرمىگەن ئوخشايدۇ.

— هە! ياۋا چوشقا؟ يەنە باشقا ئەهۋال بارمۇ؟

— باشقىسى... تەكشۈرۈۋاتىمىز ، تەكشۈرگەندىن كىيىن يەنە مەلۇمات بىرىمەن.

— بولۇدۇ! — كوماندىر تىلىفونىنى قويۇپ فىڭتىڭگويىگە سوزلىدى:

— ئۇلارنىڭ ئوۋغا چىقىشى سەۋەپسىز بولمىسا كىرەك. كارۋانىنىڭ سودىگەرچىلىكىنى قىلماي ئورمانلىقتا بىرىپ ئوۋقىلىشى، ئىككى ياۋا چوشقىنى چۈشۈرۈشى هوكۇم چىقىرىشىمىزغا قىيىن بىرگەپ ئەمەس. خەير، يولدا دىققەت قىلىڭلار! هازىرلا يولغا چىقىڭلار.

— خوپ! — فىڭتىڭگوي سالام بىرىپ، چىقىپ كەتتى.

پەن ئانا ۋە جولىنىسىن كوماندىر ۋە ئىنىستروكتورلار بىلەن بىر-بىردىن قول سىقىشىپ، فىڭتىڭگوينىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى، بۇ ئۇچ كىشى — ۋاختىلىق، هەم دايىملىق چىگىرا رازۋېتچىكلىرى قاراڭغۇدا غايىپ بولدى.

تىلىفون يەنە جىرىڭلىدى. ئىنىستروكتور كوماندىرنى توخ-

تۇتۇپ ئېلىپ:

— تېلېفوننى مەن ئالاي، سىزدەم ئېلىڭ! — دەپ تېلېفونـ
نى قولىغا ئالدى.

## كارۋان يولىدا

پەن ئانا بىر ئاتنى يېتىلەپ، ئورمان ئىچىدىكى يەنە بىر
چىغىر يولنى ئايلىنىپ، كېچىلەپ...گە قاراپ ماڭدى.

پېڭ تىڭگوي بىلەن جۇلىنسىن يامغۇردىن كېيىنكى سالقىن
سەھەردە،...... ئورمانلىقنىڭ ئايغىدىكى كارۋان يولىدا پەيدا
بولدى، ئۇلارنىڭ كورۇنۇشى ئەڭ ئاددىي كارۋانچىلارغا ئوخـ
شايتتى. ئۇلار تورت كىچىك، لېكىن تېتىك ئاتقا پاختا
ئارتىپ ماڭماقتا .

ياش فىڭ تىڭگوي چاچلىرى پاخمايغان، ژىرتىلىپ كەتكەن
چىغ شىلەپىسى مۇرىسىگە چۈشكەن، ئۇستىگە كوكۇچ لېكىن
ئاقىرىپ كەتكەن كالتا چاپان ۋە تامبال كىيگەن، چاپىنىنىڭ
ئالدى ئوچۇق، قولىدا بامبوك تاياق تۇتقان ، ئاپتاپقا قاراپ
كۇلۇمسىرىگەن هالدا ئاتلارنى هايداپ كارۋان يولىدا ماڭماقتا.

جۇلىنسىن بولسا ، ئۇستىگە پالما دەرىخىنىڭ قوۋزىغىدىن
توقۇلغان يامغۇرلۇقنى ئارتقان ، كۇلرەڭ كوينىگىنىڭ ئۇستىگە
كارۋانلارغا خاس بولغان، كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن جىلتكە
كىيگەن، جىلتكىسىنىڭ يانچۇقلىرىنى خۇددى پۇل ۋە تەڭگە

بىلەن تولدۇرغاندەك قىلىپ تومپايتىۋالغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان بېشىغا لۇڭگە ئورىغان ھالدا فىكتىڭگۈينىڭ يېنىدىن ئۆتلۇك نەي چېلىپ ماڭماقتا.

بۇلار ئىككى داۋاندىن ئېشىپ نىشانلىغان كارۋانغا يېتىشىپ ئالدى. ئالدىدا كېتىۋاتقان بۇ كارۋاننىڭ ئادەملىرى، ئاتلىرىنىڭ سانى، ماللىرى ۋە ئاتلىرىنىڭ رەڭگى پەن ئاننىڭ... ئورمانلىقتا ئۇچراتقىنى بىلەن ئوخشاش ئىدى. لېكىن پەقەت بىرلا يېرى ئوخشىمايتتى: بۇ كارۋاننىڭ بىرىنچى ئېتىنىڭ بويىنىغا بىر قۇر ئەمەس، ئىككى قۇر تۇچ قوڭغۇراق ئېسىلغان، بۇلا ئەمەس، يەنە بېشىغا ئىككى تۇلكە قويرۇغى ئېسىلغان، ئاتنىڭ ئىككى قۇلۇغىغا توزنىڭ ئىككى پېيىمۇ قادالغان ئىدى. مەلۇمكى، بۇ، ئۇلار ئورمانلىقتا تۈنىگەندىن كېيىن، رازۋېتچىكلار بار جاينى ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن قىلغان ياسانچۇغى ئىدى، باشتىكى شياۋئۇ مىنگەن ئات بېشىنى ئېگىز تۇتۇپ، تىزگىن سىرىپ، كىشنەپ ماڭماقتا؛ قالغان ئاتلارمۇ يايلىلىرىنى ئوينۇتۇپ چاپسان-چاپسان ماڭماقتا، ئات ئۈستىدە ئىككى قولى بىلەن چىكىسىنى تۇتۇپ، قان تولۇپ تاشقان كوزىنى تاغ ئارىسىدىن كورۇنۇپ تۇرغان كۈنگە تىككەنلى يىگمۇ پات-پات يەلكىسىنى سىلكىپ، تاجىسىدىكى كوموچ قوڭغۇراقچىسىدىن زىل ئاۋاز چىقىرىپ، ئوز تەجرىبىسى بويىچە ئىككى پۇتىنى ئاتنىڭ بويىنىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە چۈشۈرۈپ،

سول پۇتىنى ئاتنىڭ كەمەلدۇرۇگىگە تىرەپ، ئوڭ پۇتىنى ئاتنىڭ يان كوكسىگە تىرەپ مەھكەم ئولتۇرماقتا. كارۋان يولىدا ماڭغان كارۋانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئولتۇراتتى. ئات ھەر قانچە ئىلدام ماڭسىمۇ، ئۇ ژىقىلىپ كەتمەيتتى.

فىڭتىڭگوي بىلەن جۇلىنىسىن — بۇ ئىككى قاۋۇل كارۋان تورت ئات بىلەن ئۇچقاندەك مېڭىپ، بۇ كارۋاننىڭ قويرۇغىغا ئۇلاشقاندا، بىر ئاز ئورە - توپىچىلىك پەيدا بولدى. بۇ قاۋۇل تورت ئاتنىڭ كىشنەپ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئالدىدىكى كار- ۋاننىڭ ئون ئالتىنچى ئېتى ئوزىنى تۇتۇپ ئالالماي، كىش- نەپ - سەكرەپ ئون بەشىنچى ئاتنىڭ قويرۇغىغا تاقىلىپ ئال- دى، شۇنىڭ بىلەن قالغان ئاتلار بىرىنىڭ كەينىگە بىرى دىگەندەك تاقىلىپ، پاتىپاراقىلىشىپ قالدى، ئون ئىككىنچى ئات ئۇستىدە ئولتۇرغان ۋىفۇ دەرھال ئاتتىن سەكرەپ چۇ- شۇپ، بۇ ئىككى كارۋان بىلەن تورت ئاتقا قاراپ ۋا- قىرىدى:

— ئىككى ئادەم تورت ھايۋاننى باشقۇرۇشالمىدىڭمۇ؟

باشتىكى ئاتتىن سەكرەپ چۇشكەن شياۋئۇ ئارقىسىغا بۇرۇ- لۇپ، ئاغزىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى كارۋانلارنىڭ بارلىق سىپىق تىللىرى بىلەن ۋە كارۋانلارنىڭ قايىدىسىنى بىلمەمدىڭكەن- سەن دەپ تىللىدى.

لى يىڭ ئېتىدىن سەكرەپ چۇشۇپ، بۇ ئىككى يات ژىگىتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەپرەت كوزى بىلەن قاراپ قويدى.

فك تىڭگوي دەرھال ئىتىنى توختىتىپ، ئۇلارنىڭ يىمەك-كىتىگە چىچەنلىك بىلەن كوز سالدى. توختىماستىن تىللاۋاتقان شياۋئۇنى كورگەن جۇلىنسىن چىداپ تۇرالمىدى. ئۇنىڭ يۈزى ئوت ئالدى، گەپ ياندۇرماقچى بولىدى، لېكىن فك تىڭگوينىڭ ئىملاپ قويۇشى بىلەن ئوزىنى بېسىۋالدى.

— ھەي، كارۋانچى ئاكا! — دەپ ۋاقىرىدى فك تىڭگوي شياۋئۇغا قاراپ، — تىللاپ بولغانسىز! تىللاپ بولغان بولسىڭىز، يولىمىزغا ماڭمايلىمۇ؟

ۋى فو شياۋئۇنى توختىتىپ قويۇپ، فك تىڭگويگە سوزلىدى:

— سەنلەر ئالدىمىزدا مېڭىش. سەنلەرنىڭ تورت ياۋايى ئۇلۇغۇڭ بىزگە ئەرگەشمىسۇن.

— ياخشى بولىدۇ! — پك تىڭگوي ئاتنى يېتىلەپ ئالدىغا ئوتۇشكە ماڭدى. يول تار ئىدى، ئىككى ئات دۇچ كېلىپ قالسا، بىر-بىرىگە سوقۇلماي قالمايتتى. بۇ تورت ئات سوقۇلغانمۇ قارىماستىن، ياندىپ ئوتىۋەدى. شۇ ئارىلىقتا فك تىڭگوينىڭ دىققىتى ھەر بىر ئاتقا ئارتىلغان ژۇكتە ئىدى. ھەتتا ئوز ئاتلىرىنىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئۈستىدىكى ژۇكتىن چۇشۇپ كەتكەن ھەر بىر پارچە تۇزغىمۇ دىققەت قىلاتتى، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كارى يوق ئىدى. پك تىڭگوينىڭ ئىتى ئون بىرىنچى ئاتقا ئۇرۇلغاندا،

ۋىفۇ ئېتىكىنى ئاۋايلاپ ئۆتكۈزۈپ كەتكىن دەپ ، فىلىتىنگ ـ
گۆينى توختۇتۇپ ئالدى. تورت ئات خېلى تەسلىكتە ئۇلار ـ
نىڭ ئاتلىرىنىڭ ئالدىغا ئوتتۇۋالدى، ئاخىرىدا شياۋئۇنىڭ
ئالدىغا كەلگەن ئات شياۋئۇدىن بىر تېپكەۋىدى. شۇنىڭ
بىلەن كومدىيىگە ئوخشاش بىر جاڭجال تۇگۇدى.

ئىككى كارۋان ئۈن ـ تۈنسىز جىمجىت ماڭماقتا . لېكىن
ۋىفۇنىڭ كوڭلى جايىدا ئەمەس. ئۇنىڭ كوڭلىدە بۇ ژىگىتكە،
پاختا ئارتىلغان تورت «ياۋئات»قا گۇمان پەيدا بولدى. ئۇ، ـ
«ئوغرىنىڭ ژۈرۈگى پوكپوك» دىگەندەك، مېنىڭ گۇمانىم قۇ ـ
رۇق گۇمان بولسا كېرەك، بۇلار بەلكىم قورغانىدىن چىققان
كىشىلەر دىخانچىلىقتىن بىكار بولغان ۋاختىلىرىدا ئىچكى
ئولكىلەرگە ئوز نەرسىلىرىنى توشۇيدىغان كىشىلەر بولسا كېرەك،
بوپتۇ،... بۇنىڭغا نىمىشكە بېشىمنى ئاغرىتاي... ـ دەپ ئويلايتـ
تى. لېكىن يەنە خاتىرجەم بولالماي، ئۇنىدىنىسىگە، بۇندىـ
نىسىگە ئويلۇنۇپ، زادى كوڭلى ئارام تاپمايتتى.

جۇلىنىسىن ئات ئۇستىدە مەھكەم ئولتۇرۇپ، نەينى قولىغا
ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى.

. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ چالغان نېيى شياۋئۇ بىلەن ۋىفۇنى
قىزىقتۇرمايتتى. چۇنكى كارۋان يولىدا نەي چالىدىغانلار
كوپ ئىدى، نەي چېلىشمۇ ئادەتتىكى ئىش ئىدى.

لېكىن بۇ مەخسەتلىك چېلىنغان نەي لى يىگىنىڭ ژۈرۈگىگە

تەگدى . ئۇ، بۇ يىى خەلقىنىڭ نىيىتىنى چۈشەندى . بۇ ئاھاڭ ئايدىڭ كۆڭۈللەردە ئورمانلىقتا چېلىناتتى. بۇ ئاھاڭدىن قىزغا چاقچاق قىلغان مەنە چىقىپ تۇراتتى...... لىيىلىڭ ئىككى مەڭ- زىنىڭ ئىختىيارسىز قىزىرىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى. ئۇ يۈزىنى ئەدىيال بىلەن ئاستا ئوراۋېلىپ، پەقەت كۆزىنىلا ئوچۇق قويدى. — ئۇنىڭ بۇ ھالىنى ھېچكىم بىلمىدى، ھېچكىم كۆر- مىدى، ھەتتا چىكىسىگە قىستۇرىۋالغان گۈللەرمۇ سەزمىدى، لېكىن بۇ قىز، بۇ ساددا قىز: «بۇ كىشى ئەجىۋا بىز يىى خەل- قىنىڭ نىيىتىنى چالدى - يا!» — دەپ ئۆز - ئۆزىدىن ئەيمىنىپ كەتتى .

جەنۇبىي يۇننەندىكى كارۋان يولىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى كۆپ: يولىنىڭ تاغنىڭ قاپ بېلىنى ئايلىنىدىغان يېرىمۇ بار، تاغدا پەستىن ژۇقۇرىغا تىك ماڭىدىغان يەرلەرمۇ بار، سۇيۇق تۇپىغا چۆمۈلىدىغان يەرلىرىمۇ بار، ھەمىشە پاتقاق قۇرۇماي- دىغان يەرلىرىمۇ بار، ئىككى تەرىپى خۇددى تاش تامغا ئوخ- شاش قورام تاشلار بىلەن ئورالغان يەرلىرىمۇ، ئادەم بويى ئوت - چۆپ باسقان، تاغ گۈللىرى قاپلاپ كەتكەن، سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان يەرلىرىمۇ بار، بۇ يوللارنىڭ مەنزىرىسى دايىم ئۆزگۈرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئات ۋە ئادەملەر چولىسىرەپ قالمايدۇ. يۇننەن ئاتلىرىنىڭ كىچىكلىكىمۇ بىر خۇسۇسىيەت، بۇ ئاتلارنىڭ ئېغىر ژۈكلەر بىلەن داۋان ئاشالىشىمۇ بىر خۇ-

www.uyghurkitap.com

سۇسيەت. بۇ خۇسۇسيەتلەر ئوزىگە يارىشا ئالاھىدە مۇھتقا
مۇۋاپىق پەيدا بولغان.

فك تىڭگۇي ئاتلارنى قەستەنگە ئاستىلاتتى. بەزىدە ئات-
لارنى سۇغاردى. ئاتلار ھەتتا يول بويىدىكى ئوت-چوپلەرنى
ئوتلاپ ماڭسىمۇ ئۇلارنى قامچىلىمىدى، ئۇنداق بولغانىدىن
كېيىن، ئەلۋەتتە، ئاتلارنىڭ ئوتلاپ سۇ ئىچىپ، ئالدىرىماي
مېڭىشى تەبىي، كوپرەك ئاتلار بىللە ماڭغاندا، ئەگەر ئۇلار
ئاستا ماڭسا، سېرىق توپىلار چىقىپ، ئات-ئادەمنى كورگىلى
بولماسلىقى، ئات-ئادەملەرنىڭ دوقۇرۇشۇپ كېتىشى تۇرغان
گەپ.

«چۇھ! چۇھ!»—شياۋئۇ ھەدەپ ئاتلىرىنى ھايدىماقتا.
لېكىن ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئېتىنى ئىلدامىلىتىشى مۇمكۇن ئە-
مەس ئىدى. ئۇ ئېتىدىن سەكرەپ چۇشۇپ، جۇلىنسىنغا يېتى-
شىپ كەلدى:

— مېڭىشامسەن يوقمۇ؟

— مېڭىۋاتماي نىمىش قىلىۋېتىپتۇق؟—جۇلىنسىن ئاغزى-
دىكى نەينى ئېلىۋېلىپ، غاج-غۇچ جاۋاپ قايتۇردى.

— ئات ھايداپ كېتىۋاتامسەن ياكى كالىمۇ؟

— كوزۇڭ يوقمۇ؟

— ئەمسە، نىمىشكە مۇنچىۋالا ئاستا مېڭىشىسەن؟

— ئاتلىرىمىز كىچىك، قورسىقى پات ئاچىدۇ، ئاتلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماڭغىلى ئۇنىمىسا، قانداق قىلاتتۇق؟

— قامچىلىمامسەن؟

— كىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتلىرىغا ئىچى ئاغرىمىسۇن؟ قام-
چىلمايمەن!

— ساڭا ئاغىزىمنى ئۇپۇرۇتۇپ نىمە قىلاي. بىز ئالدىڭغا ئو-
تۇپ ماڭىمىز.

— مەيلىڭ. — فىڭتىڭگوي ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، —
ئۇلا، ئالدىمىزدا ماڭسۇن.

شياۋئۇ قېيىداش بىلەن ئېتىنى قامچىلاپ، فىڭتىڭگوينىڭ يېنى-
دىن ئۆتتى. ئۇنىڭ سول پۇتى قىسقا بولغاشقا، دوڭغاقلاپ ماڭاتتى.

ۋىفۇ ئون ئىككىنچى ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، تۈز ئار-
تىلغان ئون بىرىنچى ئاتنى مۇغەمبەرلىك بىلەن فىڭتىڭگوينىڭ
ئېتىنىڭ يېنىدىن يېتىلەپ ئۆتتى. فىڭتىڭگوي ئون بىرىنچى
ئاتنىڭ ئالا-تاغىل ئات ئېكەنلىكىنى ئۇنىڭ يۇپۇغىغا بويىنىنى
سوزۇپ قىچقىرىۋاتقان خورازنىڭ سۈرىتى كەشتە قىلىنغانلىقىنى
ئاللىقاچان پەھىملەپ ئالغان ئىدى.

ئاخىرقى ئاتتا دۈمچۈيۈپ، يۈزلىرى قىزارغان، بېشى سې-
لىنغان ھالدا ئولتۇرغان لى يىڭ جۇلىنىسىنىڭ يېنىدىن ئو-
تۇپ كەتتى.

قىزىق گەپ! كارۋاننىڭ ئارقىسىدا قالغان بۇ تورت ئاتنى
قامچىلىمىسىمۇ كارۋان ئارقىسىدىن مېڭىۋەدى. ئېھتىمال، بۇ

ئاتلاردىكى بىر خۇسۇسىيەت بولسا كېرەك.

بۇ تورت ئاتنىڭ ۋىفۇ ئاتلىرىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ مېڭى-شى ۋى فۇنىڭ نەزىرىدە خۇددى ئەتتىگەنلىك غىزادا چىۋىن يەۋېلىپ، ئۇنى ژۇتالماي، ياكى تۇكۇرۇپ بۇغىزىدىن چىقىرىۋېتالماي، كوڭلىنى ئېلىشتۇرۇۋاتقاندەك بىر ئىش ئىدى.

## چۈشكۈن

تاغلىق كەنتتە ئادەم تونۇغىلى بولمايدىغان ۋاخت بولۇپ قالدى، كوز قارايدى، تاغ ئارقىسىدىكى هاۋادا ئولتۇرۇپ كەتكەن كۈننىڭ ئالا-بۇلاشولىسى ئاندا-ساندا كورۇنۇپ، ئاسمان ئاجايىپ چىرايلىق بىر كورۇنۇشكە كىرگەن ئىدى.

شياۋئۇ مىنگەن ئات بىر كەنتكە كىرىپ كەلدى. بۇ كەنت تاغ ئۇستىگە جايلاشقان ئىدى، هارغان-ئاچقان ئاتلار باش-لىرىنى ساڭگىلىتىپ، تاغلىق كەنتنىڭ ئېگىز-پەس تاشلىق يولىدا روهسىز ماڭماقتا.

قولىغا لىق ياغ تولدۇرۇلغان ئەينەك پانۇس تۇتقان سېكى-لەك قويغان بىر بالا ئات سارىيىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن ژۇگۇرۇپ چىقىپلا ۋاقىرىدى:

— كارۋانچى تاغا! سارايغا چۇشەمسىز؟ سارىيىمىز ئازادە؛ ئوت — بۇغۇز كوپ. تۇخۇم بىلەن قورۇلغان گاڭپەن، ئۇگرە، قېزا، هەممە غىزا بار. تاغا بىزنىڭ سارايغا چۇشۇڭ!

باشتىكى ئات توختىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىپ تۇراتتى. ئارقىدىكى ئاتلارمۇ قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭلاشتىن توختۇغىنىنى ئاڭلاپ توختىدى.

شىياۋئۇ بالىغا ئالىغاي كوزىنى تىكىپ:

ــ چۈشمەيمىز. ئايەرگە بىرىپ چۈشىمىز! ــ دەپ زەردە بىلەن سوزلىدى.

سارايىنىڭ كەڭ دەرۋازىسى باشتىكى ئاتنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالدى. ئۇ ئات سارايىغا قاراپ چاپچىدى... شىياۋ ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنى يامان تىللار بىلەن تىللاپ، چۇلۇۋۇر بىلەن باش-كوزىگە ئايلاندۇرۇپ بىر نەچچىنى ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ سارايغا چۈشۈشتىن ئۇمىت يوقلىغىنى پەھمە-لىگەن ئات بىشىنى بۇراپ، يولغا چۈشۈپ ماڭدى.

ۋىفۇ ھىلىقى بالىنىڭ ئالدىغا يىتىپ كەلگەندە، بالا يەنە قىچقىردى:

ــ كارۋانچى تاغا، سارايغا چۈشمەمسىز؟ سارىيىمىز كەڭ، ئازادە. ئوت-بۇغۇزىمىز تەييار. تالادا چۈشكۈن قىلغاندىن ياخشى. تاغا، چۈشمەمسىز؟

ــ بالىنىڭ كىشىنى قىزىقتۇرارلىق سوزلىرى ۋىفۇنى جەلىپ قىلالىمىدى.

ــ ئارقىمىزدا يەنە كارۋان بار. سارىيىڭ بوش قالمايدۇ. بىز ئالدىمىزدا چۈشكۈن قىلىمىز ــ دىدى ۋىفۇ.

ئەڭ ئاخىرقى ئات بالائالدىغا يېتىپ كەلگەندە، بالا قولىدىكى پانارنى ئېگىز كوتۇرۇپ، زىل ئاۋازى بىلەن قىچقىردى:

— كارۋانچى ھەدە! دەم ئېلىۋېلىڭلار، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى، چۈشكۈن قىلمىساڭلار توڭلاپ قالىسىلەر. سارايغا چۈشۈڭلەر. ھەدە، ئاتلىرىڭىزدىن مەن خەۋەر ئالىمەن...

بۇ سۆز لى يىڭنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈردى. ئۇ، چۈشكۈن قىلىشنى، بۇ ئىككى «ئالۋاستى»غا غىزا قىلىپ بېرىشنى خالىمايتتى. لېكىن ئۇنىڭغا نىمە ئامال بار؟ ئۇ، بالىغا قاراپ مەيۇسانە كۈلدى:

— ياق، بىز ئىلگىرى بېرىپ چۈشكۈن قىلىمىز!

جۇلىنىسىن بىلەن فىڭتىڭگۇيلار يېتىپ كەلدى. بالا پانارنى ئېگىز كوتۇرۇپ، فىڭتىڭگۇيگە يېقىن كېلىپ قىچقىردى:

— كارۋانچى ئاكا، سارايغا چۈشۈڭلەر، سارىيىمىز كەڭ ئازادە! ئاپام تۇخۇم قورۇپ بېرىدۇ...

— ئۇكام—دىدى فىڭتىڭگۇي ئوززە خالىق بىلەن،—سارىيىڭغا كېلەر نۆۋەت چۈشەيلى. ئېتىمىز بىر ئاز كوك چوپ يەۋالسۇن، ئالدىمىزدا چۈشكۈن قىلىمىز.

بۇنىڭ ئاۋازى ئانچە ئۇنلۇك چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋېيفۇنى چوچۇتىۋەتتى. ئات ئۇستىدە ئولتۇرغان ۋېيفۇ دەرھال ئارقىسىغا قارىدى. ئۇ ژۇرۇگىنىڭ قاتتىق ئىككىنى سوققانلىغىنى ھىس قىلىپ: «ئۇلارمۇ چۈشكۈن قىلىدىكىنا؟» —

دەپ ئوز ـ ئوزىگە سوزلەپ قويدى.

كارۋان سارىيىدىكى بالا شۇنچە تەكلىپ قىلىپ، بىر ئاتنىمۇ قالدۇرالمىدى. ئارقىسىغا قارىسا، بىر ئاتمۇ كورۇنمەيتتى. شۇڭا ئۇ قارا ـ قۇرا كېتىپ بارغان كارۋانلارغا قاراپ بىرنى تۇكۇردى ـ دە، پانارنى ساڭگىلىتىپ:

ـــ ئاپا! بىر ئاتمۇ چۇشمىدى! ـــ دەپ سارايغا ژۇگۇرۇپ كىرىپ كەتتى.

كارۋانلار كەنتتىن ئوتۇپ، تاغ باغرىغا چۇشتى. ئاتلار تۇۋاقلىرى بىلەن سۇيۇق لايلارنى چىچىرىتىپ، ئېقىنغا چۇشتى، ئېقىننىڭ يېنىدا كەڭ قۇرغاق ئېتىزلىق بار ئىدى، شياۋ ئۇنىڭ چۇشكۇن قىلىشقا تاللىغان يېرى ئەنە شۇ ئىدى، ئاتلار توختىدى. فىڭ تىڭگوي بىلەن جۇلىنسىنمۇ توختىدى. مۇشۇ قۇرۇق ئېتىزغا ئىككى كارۋان چۇشتى. ۋېيفۇنىڭ ئاتلىرى ئوز ـ ئوزىدىن شەرق تەرەپكە توپلاندى . فىڭ تىڭگوي بىلەن جۇلىنسىننىڭ تورت ئېتى غەرپ تەرەپتىكى بۇرجەككە قاۋلىپ قالدى.

فىڭ تىڭگوي جۇلىنسىن بىلەن ژۇكلەرنى چۇشۇرۇۋېتىپ، ۋېيفۇ بىلەن شياۋئۇنىڭ ھەممىدىن ئاۋال ھېلىقى يۇپۇغىغا ئاق خورازنىڭ سورىتى كەشتە قىلىنغان ئاتىنىڭ ژۇكىنى ئېلىپ، ئۇنى يەرگە ناھايىتى ئاۋايلاپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن باشقا ئاتلارنىڭ ژۇكلىرىنى ئېلىپ، ھېلىقى ژۇكنىڭ ئىككى يېنىغا

قويغانلىغىنى كوردى. ئىككى كارۋاننىڭ جەمئى يىگىرمە ئىپتى ئىپتىز قىرلىرىغا تارقىلىپ، ئوتىلىماقتا. قۇرۇق ئىپتىزنىڭ شەرق تەرىپى بىلەن غەربىي بۇلۇڭىدا بىردىن گۇلخان يېقىلدى.

فىڭ تىڭگوي جۇلىنىسىن بىلەن ئاستا پىكىرلىشىپ ئالغاندىن كېيىن ئىككى بوغۇم بامبوكنى كېسىپ ئېلىپ، سۇغا چىلانغان گۇرۇچ بىلەن قېزىنى ئۇنىڭ ئىچىگە تىقىپ، ئۇنى ئوتقا تۇتتى. بۇ ئاددىي غىزا پۇشۇرۇش ئۇسۇلى ئىدى.

جۇلىنىسىن چىلىمىنى كوتۇرۇپ، قەستەنگە قۇرۇق ئىپتىزنىڭ شەرقىي بېشىغا بېرىپ ئېقىننىڭ سۇيى بىلەن چىلىمىنىڭ سۇيىنى يەڭگۈشلىدى ۋە شۇ ئەسنادا ۋىفۇ باشلىق ئۇچۇيلەنگە كوزسالدى. ئۇلار گۇلخانغا قازاننى قۇرۇپ، گۇلخان بويلاپ ئولتۇراتتى. گۇلخاننىڭ ئوتى ناھايىتى كۇچلۇك ئىدى، قىزچاق پىششىق گوش توغراپ ئولتۇراتتى، جۇلىنىسىن ئوتنىڭ نۇرىدا يۇغان دەرەخلەردىكى خۇددى قىزىل ئۇنچىگە ئوخشاش مىۋىلەرگە كوزى چۇشۇپ، جىددىيەت بىلەن ۋاقىرىدى:

— ئوھو پاگلامسەي[1] !

بۇ ئاۋازنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ لىيىڭ بېشىنى كوتۇرۇپ قارىدى ۋە:

— ۋاي ئاللا! بۇ مەن ئوبدان كورۇدىغان ھەم تاتلىق ھەم چۇچۇك مىۋە شۇ ئەمەسمۇ! — دەپ ئىختىيارسىزلا ۋاقىرىۋەتتى

[1] بىر خىل قىزىل مىۋىنىڭ يى خەلقىچە ئىسمى.

www.uyghurkitap.com

ۋە ئارقسغا قاراپ، ئەتدىن بۇيان كارۋاننى ئەگشپ كەلگەن بۇياش ژىگتنى كوردى، بۇياش ژىگت قزغا قاراپ كۇلەتتى، قز مانا ئەندى بۇ ژىگتنىڭ يى كشسى ئىكەنلگنى بلىپ، كۇلۇمسرىگەن هالدا ئۇنىڭغا يى تلى بلەن سوزلدى:

— ئاكا، سز يىمۇ؟

— هەئە.— جۇلنسن كۇلۇپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى،— ئەندى بلدىڭزمۇ؟

— ئەندى بلدم.— لى يىڭ خوشال بولۇپ كەتتى. بۇيات، قورقۇنۇچلۇق يولدا ئوزمللتىدىن بر ژىگتنى ئۇچرۇتۇش، هەقىقەتەن خوشال بولۇدىغان بر ئىش. مللەتلەر ئارىلاش ياشايدىغان جايدا بولمىغان ئادەم بۇنداق روهى هالنى ئاسان هس قلالمايدۇ. لى يىڭ خوشال بولۇپ سورىدى:

— سز بۇ مۇۋنى ئوبدان كورەمسز؟

— هەئە.— جۇلنسن بېشنى گىلدىڭشتتى،— ئوز ىڭزچۇ؟

— مەن بۇمۇۋنى ناهايىتى ئوبدان كورۇمەن!— لى يىڭ هەسرەتلىنىپ سوزلدى،— لېكن ئۇزۇپ ئېلىشقا بويۇم يەتمەيدىغانلىقىدىن تۇرۇدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ!— جۇلنسن چورغىنى يېشۋېتىپ، خۇددى مايمۇندەك شاخقا ياماشتى.

جۇلنسن لى يىڭ بلەن سوزلشۋاتقاندا، بۇسوزلەرنى بلمەيدىغان شياۋئۇ بلەن ۋېيفۇ هاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

جۇلنىسىن دەرەختىن بىر مۇنچە «پاگلامىسەي» نى شىپخى بىلەن سۇندۇرۇپ ئېلىپ، ھەممىسىنى لىيىڭگە بەردى.

— ماڭا بىرەر شاخ بەرمەمسەن؟ — فىڭ تىڭگوي بىردىنلا ئۇنىڭ ئارقىسىدا پەيدا بولدى.

— ئاكا! — جۇلنىسىن لىيىڭنىڭ قولىدىن بىرتال شاخنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا سۇندى، — بۇ بىزنىڭ يى قىزى... ئېيتىڭىز نىمە؟

— لىيىڭ. — لىيىڭ كەمتەرلىك بىلەن جاۋاپ بەردى.

— مېنىڭ ئېتىم فىڭلاۋدا. مەن جۇلنىسىننىڭ شېرىگى. بىز ئەندى تونۇش بولۇپ قالايلى. — دېدى فىڭ تىڭگوي.

— تونۇش بولۇپ قالايلى! — لىيىڭ كوڭلىدىن قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بىزمۇ تونۇشۇپ قويايلى، ژىڭست! — ۋىفۇ بىردىنلا كۈلۈپ سوز قاتتى.

— ئېيتىڭىز نىمە؟ — فىڭ تىڭگوي سورىدى.

بىز بۇگۇن ئەتىدىن كەچكىچە غىژىللاشتۇق، بۇمۇ قىزىق گەپ بولدى، سەپەردە بىللە بولۇپ، مانا ئەندى بىللە چۇشكۇن قىلدۇق، مېنىڭ ئىسمىم ۋىفۇ، — ئۇ شياۋئۇنى كورسەتتى، — بۇ مېنىڭ شېرىگىم......

— شياۋ ئۇ! — شياۋ ئۇ ئوز ئىسمىنى غەزەپ ئارىلاش ئېيتتى.

جۇلنىسىن لىيىڭ بىلەن، فىڭ تىڭگوي ۋىفۇ بىلەن يېقىن ئولتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كارۋان بېشى، تۇزنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىۋاتاملا؟

— سورىدى فىڭ تىڭگوي.

— ياق.— ئەسلىدە لامۇڭ بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ ساتماقچى ئىدىم. نەدىن بىلەي، دۆلەتلىك سودا شىركىتىنىڭ بىر مۇنچە تۇزى يېتىپ كېلىپ قاپتۇ، ئۆزلىرىگە مەلۇم، بىز تۇزىمىزنى دۆلەتلىك شىركەت بىلەن بىر باھادا ساتساق بولامدۇ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بىلەن رىقابەتلىشىش قولىمىزدىن كېلەمدىغان! ھا...ھا...! ئامال بولمىدى، شۇڭا قايتۇرۇپ ئەكېتىۋاتىمەن.

— ھە، شۇنداق دېسىلە! — فىڭ تىڭگوي خوشامەت قىلغان شۇمال سوزلىدى.

— ئۆزلىرى ئىچكىرىگە پاختا ئېلىپ كېتىۋاتامىلا؟

— شۇنداق، بۇ بىزنىڭ كەنتتە بولتۇر ئېلىنغان پاختا ئىدى، بىز ئىككىمىز ئۆينىڭدىن تورت ئۇلاق ئېلىپ تۇزغا تېگىشكىلى كېتىۋاتىمىز.

— ھە!— ۋېيفۇ سوز ئالماقچى بولۇپ سوزلىدى،— سىلەر بۇ يولنى دايىم مېڭىپ تۇرامدىغانسىلا؟

— دايىم مېڭىپ تۇرۇمىز.

— ھازىر تىجارەتچىلەرنىڭ ئىشى تەس بولۇپ قالدى، كارۋانچىلىقتىنمۇ مەنپەئەت تەگمەيدىغان بولدى، ماشىنا يولى تەرەپ - تەرەپكە سېلىنىپ كېتىپبارىدۇ...

— ماشىنا يوللىرى پۇتىسە ياخشى بولاتتى — دېدى فىڭ

تىڭگوي ،ـــ ئۇ چاغدا بىزدەك چېگىرا خەلقىغە جىق ئاسان بولۇدۇ.

ـــ قويسىلىچۇ! ـــ ۋىفۇ قولىنى چايقىدى ، ـــ بۇرادەر، ماشىنا يولى پۈتسە، بىزكارۋانلار نىمە ئىش قىلىمىز! تىجارەتنىڭ ھەممىسى دولەت قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بۇ ئىككويلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا ، لىيىڭ بىلەن جۇلىنسىن يىي تىلى بىلەن سەممى سوزلەشتى. لىيىڭ پات ـ پات ئەيمىنگەن ھالدا قاقاخلاپ كۈلۈپ قوياتتى. شياۋ ئۇ چىلىمىنى تارتىپ ئولتۇرۇپ، بۇ يى ژىگىتى بىلەن يىقىزىغا خۇددى خەنجەرسالغۇسى كەلگەنىدەك ھەسەد كوزى بىلەن قاراپ قوياتتى.

ـــ ھە! ـــ دىدى فىڭتىڭگوي بىردىنلا ئوتقا سېلىپ قويغان غىزاسى ئېپىسگەكېلىپ، ـــ قايتايلى، غىزايىمىز كويۇپ كەتمەسۇن، ئۇجۇلىنسىننى بىقىنلاپ قويدى.

ـــ ژۇرۇڭ ،ـــ دىدى جۇلىنسىن لىيىڭنى تارتىپ ،ـــ بىز تەرەپكە بېرىپ، غىزا يەپ كېلىڭ!

لىيىڭ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ، جۇلىنسىن ۋە فىڭ تىڭ ـ گوي بىلەن غەرپ تەرەپكە كەتتى.

ـــ لىيىڭ ، بىزدىن كەچتىڭمۇ؟ ـــ شياۋئۇ ۋاقىرىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى لىيىڭنىڭ جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازىدا بېسىلىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى كىتاب تورى

قازانىدىكى شورۋا گۆرۈچ پوروخلاپ قاينىماقتا، قازاننىڭ تۈۋىگە ئالاقاچان چۈشۈپ كەتكەن ئىدى، قايناپ چاچراپ چىققان شورۋا گۆرۈچنىڭ سۇلىرى شياۋئۇ بىلەن ۋې فۇنىڭ يۈزىگە چاچراپ، ئۇلارنى ۋايىجانلىتىۋاتتى، ئاخىرى ۋې فۇ ئوتنى ئوچۇرگەندىن كېيىن، قازان جىددىي قايناشتىن توختىدى.

— ھارامتاماق قىز! — شياۋئۇ ئوتتا قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى سىلاپ تۈرۈپ تىللىدى.

— ھىم... م...! ۋې فۇ لى يىگدىن چوچۇپ قالدى.

فىڭ تىڭگۇي بىلەن جۇلىنسىن ئوتتا كويۈن كومەش بولۇپ كەتكەن بامبوكنى تاياق بىلەن تارتىپ ئالدى، قىزا باسقان گاكپەننىڭ ھىدى لى يىگنىڭ بۇرنىدىن كىرگىنىچە ئىچىر قاپ كەتكەن ئۈچەيلىرىگىچە يېتىپ باردى، ئۇ سەكرەپ دوگگە چىقىپ باناننىڭ بىر تال كوك يۇپۇرمىغىنى ئۈزۈپ ئېلىپ، ئۇنى ئېقىننىڭ سۇيىدە ژۇيۇپ، جۇلىنسىننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، يەرگە يايدى، فىڭ تىڭگۇي ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن مىننەتدار بولۇپ:

— باركاللا، رەخمەت سىزگە. — دېدى.

— رەھمىتىڭىزنىڭ نېمىسى، مەن تېخى غىزايىڭلارنى يېمەكچىمەن! — لى يىڭ ھېلىقى كويگەن بامبوكنى بانان يۇپۇرمىغى ئۈستىگە قويۇپ، بامبوكنى ياغاچ بىلەن ژىرىشى ھامان ئاپپاق

گاڭپەن ، گاڭپەنگە ئارىلىشىپ كەتكەن ياغلىق قىزا ئىچىلدى .

بۇ ئۈچ خوشخۇي دوست چىۋىقنى چوكا قىلىپ ، قىززىق غىزانى يېيىشتى .

كوكۇللۇك كەچكى غىزادىن كېيىن فىڭ تىڭگۈي جۇلىنسىن-نىڭ تەرجىمانلىق قىلىشى بىلەن لى يىڭنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى بىلدى : لى يىڭنىڭ دادىسى ئاق كوكۇل كارۋان ئىدى ، ئۇ ئوزىنىڭ مۇشۇ يەككە - يىگانە قىزى بىلەن تورت ئاتنى هايداپ ژۇرۇپ ، ئون نەچچە ژىلدىن بۇيان كارۋانچىلىق قىلىپ كېلى-ۋاتقان بىر جاپاكەش ئادەم ئىدى ، ئازاتلىقتىن كېيىن سودا شىركىتىنىڭ ژۇكلىرىنى توشۇش ئىشىغا ياردەملىشىپ كېلىۋا-تاتتى . ئوتكەن ئايدا ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ يېتىپ قالدى . لامۇڭ بازىرىدىكى دوختۇرلۇق پۇنكتىنىڭ دوختۇرى ئۇنىڭغا بىر ئاز ۋاخت يېتىپ دەم ئېلىشنى بۇيرۇدى . بۇندىن ئۈچ كۈن ئېل-گىرى هېلىقى ۋىفۇ دىگەن سودىگەر بىرمۇنچە ياخشى گەپ-سوزلەرنى قىلىپ ، هەتتا ئۈچ هەسسە ئارتۇق پۇل بېرىمەن دەپ ، ئۇنىڭ تورت ئېتىنى يالالاپ ئالغاندا ، ئۇ ، قىزىنىمۇ ئېتىغا قوشۇپ بەرگەن ئىدى . لى يىڭ سوز ئارىسىدا شىكايەت قىلىپ ، بۇ كارۋاننىڭ بىرىنچى كۈنى ئورمان ئىچىدىكى چىغىر يول بىلەن ماڭغانلىقى ، شياۋئۇ دىگەن توكۇرنىڭ قەستلەپ ژۇرگەنلىكىنى سوزلىدى .

— لى يىڭ ، — دىدى فىڭ تىڭگۈي ئاستا ئاۋاز بىلەن ، —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىيسى

كەشتە تىكىشنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن.

— قاندان گۈللەرنى كەشتىلەشنى ياخشى كۆرۈسىز؟

— ياخشى كۆرىدىغان كەشتىلىرىم كوپ.

— زادى قانداقنى ھەممىدىن ياخشى كۆرۈسىز؟

— خورازنى. — لى يىك تەبەسسۇم بىلەن كۈلدى.

— ھە! ھېلىقى بوز ئات سىلەرنىڭمۇ؟

— ھەئە. شۇ ئاتنىڭ يوپۇقىدىكى ئاق خورازنى مەن كەشتىلىگەن.

— نېمىشكە ئۇ ئېتىڭىزدىن خەۋەر ئالمايسىز؟

— مېنى يېقىن يولاتمايدۇ. ئۇلار تۇزنىڭ ھەممىدىن ئېغىرىنى شۇ ئاتقا ئارتىۋالدى. ئۇلار ماڭا: بۇ ئاتنى باشقا ئاتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويۇمىز. بىز ئوزىمىز خەۋەر ئالىمىز، دەيدۇ. مەن بوپتۇ، دېدىم. ئۇلار ئۇ ئاتقا يامان ئەمەس قارايدۇ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كوڭۇل بولىدۇ.

— ھە... — بۇ سوزلەر فىڭتىڭگۇينىڭ دەسلەپكى گۇمانىنى ۋە ھوكۇمىنى ئېنىقلىدى.

شەرق تەرەپتە قويۇق دىسە قويۇق ئەمەس، سۇيۇق دىسە سۇيۇق ئەمەس، ئالاراق پىشقان گاكىپەننى يەپ ئولتۇرغان ۋى فۇ بىلەن شياۋئۇ بىرئاز مەسلىھەتلەشتى. لى يىكنىڭ ھېلىقى ئىككى ژىگىت بىلەن بىللە بولۇۋېلىشىنى زىيانلىق دەپ ئويلاشتى.

شياۋئۇ ئاغزىنى سۇرتۇپ بولۇپ، غەرپ تەرەپكە ژۇگۇرۇپ كېلىپ لى يىڭغا كايىدى :

— پارتىڭنىڭ تۇگۇمەي كەتتىغۇ! قايتىپ كېلىپ ئۇخلا، ئەرتە سەھەررەك يولغا چىقىمىز!

— ماقۇل! — لى يىڭ ماقۇلغا جاۋاپ يوق دېگەنىدەك، جاۋاپ قايتۇردى.

— بېرىپ ئۇخلا!

— نەگە بېرىپ ئۇخلايمەن؟

— بىز تەرەپكە. ساڭا ئورۇن تەييارلاپ قويدۇم.

— مەشەدە ئۇخلايمەن!

— ھە! مەشەدە ئۇخلامسىنا؟ — شياۋئۇ چۆچۈپ كەلاپ قالدى.

— ھەئە، جۇلىنسىن ئاكىلار تەرەپتە ئۇخلايمەن!

— ھەي يۇزسىز ماڭ! — شياۋئۇ ئۇنى تارتتى، — سېنى بىز يالاپ ئەكەلگەن!

— قولۇڭنى ژىق. — جۇلىنسىن چىداپ تۇرالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى توستى، — بۇنى بوزەك قىلما! سەن يالۋۇرۇلغان بولساڭ بۇنىڭ ئىبتىنى يالۋۇرۇلغان. ئوزىنى يالۋۇرۇلغان ئەمەس! بىلەمسەن، ھازىرقى ۋاختنى! ھازىر ئازاتلىقتىن ئىلگىركى ۋاخت ئەمەس!

— بىگساڭ بولسا كورسەتمەمسەن! — شياۋئۇ مۇش ئاتىدىغانىدەك قىياپەتتە ھومەيدى.

— نىمە دەيسەن؟ — فىڭتىڭگوي ئورنىدىن تۇردى، — مۇتەھەملىك قىلماقچىمۇسەن؟ مەرت بولساڭ، — كېلە! ئۇ يەلكىسىنى بىر سىلكىپ، يەلكىسىدىكى كىگىزنى چوپلىككە تاشلىدى، — كىشىنى خالىغان يېرىدە تۇرغىلى قويىماي، بوزەك قىلماقچىمۇسەن؟ بۇ ئازات يەر. بۇ يەردە كىشىنى بوزەك قىلالمايسەن. بۇ بىر قىز تۇرسا!

شەرق تەرەپتە تۇرۇپ ۋاڭ — چۇڭنى ئاڭلىغان ۋېيفۇ دەرھال زۇگۇرۇپ كېلىپ، جىدەلنى بىلمىگەن كىشى بولۇپ سوزلىدى:

— نىمە ئىش! شياۋئۇ قايتىپ كەل! مەيلى نەدە تۇرۇمەن دىسە شۇ يەردە تۇرسۇن، گۇدەك بالا شوخ بولۇدۇ. بىز بولساق قېرىپ قالغان كىشىلەر. ئۇلار بولسا ياش...

— ئۇنداق گەپ ئەمەس! — دىدى جۇلىنسىن، — بىز بۇنى بوزەك قىلمىغاشقا، بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرۇمەن دەۋاتىدۇ. — جۇلىنسىن توم بىلەكلىرىنى چىقاردى.

— ئۇكام ئۇنداق دىمەڭ، بىزنىڭمۇ ئۇنى بوزەك تاپقان يېرىمىز يوق ... بوپتۇ قوي. ۋېيفۇ شياۋئۇنى تارتتى، — ماڭ، زۇر. خەير...خوش...

شياۋئۇ دەردىنى سىڭدۇرالماي، چىشىنى غىچىرلىتىپ، دىڭگا قلاپ مىڭىپ كەتتى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن فىڭتىڭگوي ئوزىنى توختىتىۋالالماي ئاغزىنى تۇتۇپ كۇلۇۋەتتى. جۇلىنسىن ئاچچىغىنى

باسالماي كېلىپ ئولتۇردى . لى يىڭمۇ ياكى كۈلۈشنى ياكى ژىغـلىشنى بىلـمەي تۇرۇپ قالدى. لېكىن ئۇ ، قورقۇشتىن توختاپ قالدى.

ئىككـكى ژىگىت بىلەن بىرقىز گۈلخانىنى بويلاپ، ئەدىيال بىلەن كىگىزگە ئورۇلۇپ ياتتى، جۇلىنسىنگە بېشىنى قارىمۇ ـ قارشى قىلىپ ياتقان لى يىڭ جۇلىنسىنگە يى تىلىدا ئاستا ئاۋاز بىلەن ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ هايات ۋاختىدا ئانىسىدىن ئاڭلىغان بىر هېكايىنى سوزلەشكە باشلىدى.

ــقاراڭ، ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، قېدىمقى زاماندا، ژىراق بىرجايدا بىز يى خەلقى ئىچىدە ناهايىتى چىرايلىق بىر قىز بار ئېكەن، ئۇنىڭ ئىسمى سامابىزى ئېكەن. ئۇ هېمىشە قىزىل كىگىزنى ئۇستىگە ئارتىۋالىدىكەن، ئۇ، قىزىل رەڭنى ئەركىنـ لىكنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىدىكەن . ئاڭلاۋاتامسىز؟

ــ ئاڭلاۋاتىمەن.ــ جۇلىنسىن كوزىنى ئاچماستىن تۇرۇپ جاۋاپ بەردى.

ــ...ئۇ قىز ناهايىتى چىرايلىق ئېكەن. كوزىنى ئاچسا، ئۇنىڭ كوزىنىڭ نۇرىـدىن ئايمۇ خىجىل بولۇپ، ئوز نۇرىنى چاچالماي قالىدىكەن...هەتتا بىرقۇلدار ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ژىغلاپمۇ سالغان ئېكەنمىش! جۇلىنسىن ئاكا، ئاڭلاۋاتامسىز؟

ــئاڭلاۋاتىمەن ... ئۇنىڭ ئاۋازى ئاستا چىقتى:

ــ هېلىقى ژىغلاڭغۇ قۇلدار ئۇ قىزغا نۇرغۇن سوغا، ئەۋـ

www.uyghurkitap.com

دەرھانىڭ كوزىدىن تىزغان بويۇن مارجىنى ۋە سۇمرۇغ قاناتلىرىدىن ئىشلىگەن تاجى دۇپپىلارنى ئېۋەتسە ساماينزى ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ بىرمەرگەن ژىگىتكە ئاشىق بولغان ئىكەن، ئۇ ژىگىتنىڭ ئىسمى ئاگادۇر ئىكەن ... ئاڭلاۋاتامسىز؟

— ئاگادۇر ...ھە... — جۇلىنسىن خۇددى جۇيلىگەندەك جاۋاپ بەردى.

—ھېلىقى ژىغلاڭغۇ قۇلدار ئۇقىزنى بۇلاپ ئېلىش ئۇچۇن ئەسكەر ئېۋەتكەن ئىكەن، ئاگادۇر بىرمۇنچە مەرگەنلەر بىلەن سامابىزىنى قوغداش ئۇچۇن قۇلدار بىلەن سوقۇش قىپتۇ. ئاگادۇر ئوقيا بىلەن يۈز دۇشمەننى ئۆلتۈرۈپتۇ، كېيىن ھېرىپ كەتكەندە، ئوزىنىڭ ئون يېرىگە ئوق تېگىپ ئۇلۇپ كېتىپتۇ! قانلىرى ئېقىپ توگەپتۇ...كېيىن...جۇلىنسىن ئاكا!

جۇلىنسىن بۇ چاغدا خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتكەن ئىدى. چۇنكى ئۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ھارغاندا، ھېكايە ئاڭلاشقا قانداق ھەۋەسلىسى قالسۇن.

لى يىڭ بېشىنى كوتۇرۇپ، گۇلخاننىڭ يورۇغىدا جۇلىنسىننىڭ يۇمۇغلۇق تۇرغان چوڭ كوزلىرىگە قارىدى. ئۇنىڭ كوكرىگىدە تۇرغان بازغاندەك مۇشتۇمى ئوپكىسىنىڭ دەم ئېلىشى بىلەن بىر كوتۇرۇلۇپ، بىر چۇشۇپ تۇراتتى.

—كېيىن...—لى يىڭ ئەدىيالغا ئورۇلۇپ يېتىپ، بۇ ئېچىنىشلىق ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئويلىدى: «سامابىزى دۇشمەن

بلەن ئۇرۇشۇپ، ژىغلاگىنىۇ قۇلدارنى ئولتۇردى. ئۆزى ... ئاگادۇرنىڭ جەسەدى يېنىدا ئۆزىنى ـ ئۆزى ئولتۇرۇۋالدى. شۇ چاغدا ھېلىقى ئۈستىگە ئارتىۋالغان قىزىل كىگىزى بۇ ئاشىق ـ مەشۇقنى يوگەپ، ئەركىن ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتتى ...» لى يىڭ ئويلاپ ـ ئويلاپ، ئۆزىمۇ ئۇيقۇغا كەتتى.

فىڭ تىڭگوي ئۇخلىمىدى، لى يىڭنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقىمۇ قىزىقمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يى تىلىنى بىلمەيتتى. ئېقىندىكى سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشى بۇ جاينى ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشۈردى. ئۇ بۇندىن 5 ژىل ئىلگىرى ئەتىياز ۋاختىدا پارتىزانلار بىلەن بۇ ئېقىن بويىغا كېلىپ، خائىن جياڭ كەيشىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشقاندا، ئۇچ يولدىشى مۇشۇ ئېقىندا قۇربان بولغان ئىدى. ئەتىسى تۇندە ئۇ يەنە تورت پارتىزان بىلەن ھېلىقى قۇربان بولغان يولداشلىرىنىڭ جەسىدىنى ئىزدەپ كەلسە، جەسەدلەرنى سۇ ئاققۇزۇپ كەتكەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇلار بىر ـ بىرىنى ھەسرەت بىلەن قۇچاغلاشقان، ئېقىندىكى سۇلارمۇ خۇددى ژىغلىغاندەك سادا چىقىرىپ ئاققان ئىدى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى چاغلاردا ھەر قاچان ئېقىن سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئاققىنىنى ئاڭلىسا، ئوز يولداشلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرەتتى. «شۇ چاغلار ئەجەپمۇ قىيىن بىر چاغلار ئىدى! قىزىل پارتىزانلارنىڭ ئالقانىچىلىكمۇ مۇقىم يېرى يوق ئىدى، دۇشمەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا قوغلاپلا ژۈرەتتى. خەلقنىڭ ئىسسىق قانلىرى

ئېقىپ تۇراتتى ... مانا ئەنەدى ۋەتەن تۇپرىقىمىزنىڭ ھەمـ
مىسى بىزنىڭ. خەلق قەددىنى كوتەردى. كىچىككىنە تۇزانـ
نىڭمۇ ۋەتىنىمىزگە تۇزۇپ كىرىشىگە يول قويمايمىز ...
بۇنىڭ ئۈچۈن بىز كوممۇنىستلار، چېگرا چەگچىلىرى دۇشمەنـ
نىڭ ۋەتىنىمىزگە كىرىۋېلىشىدىن، خۇددى كىشىلەر تۇزانىنىڭ
كوزلىرىگە كىرىشىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك ئېھتىيات قىلىشىمىز
لازىم. دۇشمەنىنىڭ ھەرقانداق قەستلىرىنى خۇددى تومۇرنى
ئۈچراتقان ماگېنتىنىڭ ئوتكۇرلىگىدەك ئوتكۇرلۇك بىلەن
بىلەپ ئېلىشىمىز لازىم ...»

شەرق تەرەپتە «پاژ» قىلىپ يېقىلغان سەرەڭگە فىڭـ
تىڭگۈينىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ ئۆزىنى توختۇتۇپ ئېلىپ
قاردى. لىپ - لىپ قىلىپ كويۈۋاتقان قاردىغاي يېلىمى ئوتىنىڭ
يورۇغىدا، شياۋئۇ بىلەن ۋى فۇ خۇددى تاشپاقىغا ئوخشاش
تۇگۇلۇپ، لىڭغىرچاق ئاستىدا ياتقانلىقى، ئاغىزلىرىنىڭ مىـ
دىرلاپ تۇرغانلىقى كورۇندى.

قۇلاق سېلىپ تۇرغان فىڭتىڭگۈي غۇر - غۇر شامالدا ۋى
فۇنىڭ:

«ئۇ ئىككويلەننى بىر ئامال قىلىپ ئېزىقتۇرۇۋېتەيلى...»
«... ئەرتە ... يېرىم كېچىدىلا... يولغا چىقىپ كېتەيلى ...»
دىگەن سوزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.

باشقا ئاۋاز يوقاپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

بىر نەچچە ئوت قۇيرۇق قۇرۇت كوزگە چېلىقتى، بۇ ژۇلتۇز ۋە ئاي بىلەن نۇر تالىشىدىغان قۇرۇتلار پەقەت مۇشۇ يەردىلا بولارنى پەقەت غەربىي ـ جەنۇبىي چېگرىنىڭ ئەتىياز كېچىلىرىدىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ بۇ ـ ئاي ۋە ژۇلتۇزلار بىلەن نۇر تالىشىدىغان كىچىك جانىۋار.

## لاۋۇر گۇلى

جۇلىنسىنىڭ ئاتىلىرى پۈتۈن بىر كۈن دىگىدەك لى يىگىلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ كەينىدىلا ماڭدى. جۇلىنسىن بەزىدە نەي چالاتتى، لى يىڭ كارۋانچىلار ناخشىسىنى ئوقۇيتتى، بەزىدە بولار قوشاق قېتىشاتتى ، فىڭتىڭگۇي ئاخىرىدا بىر ئېگىزلىكتىكى ئېغىز كۆلكۆلۈك سوز قىستۇرۇپ قويىاتتى، بۇگۈن كورۇنۇشتە كېيىنكى كارۋان ئۇن ئالتىنچى ئاتتىن باشلانغاندەك ، لى يىڭ فىڭ تىڭگۇيلارنىڭ كارۋىنىدىكى كىشىدەك كورۇنەتتى.

شياۋئۇبىلەن ۋىفۇ «ھايت!»، «چۇھ!» دىگەنلەردىن باشقا، كۈندۈزى زادىلا زۇۋان چىقارماي ماڭدى.

گۇگۇم ۋاختى بولدى.

ـــ فىڭتىڭگۇي ئاغا، ـــ دىدى ۋىفۇ ئارقىسىغا ئورۇلۇپ، ـــ بۇگۈن ئاخشام كارۋان سارىيىغا چۇشەمسىلەر؟

ـــ سىلەچۇ؟ ـــ فىڭتىڭگۇي جاۋاپ قايتۇرۇش ئورنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئوزىدىن سورىدى.

— بۈگۈن ئاخشامۇ چۈشكۈن قىلىمىز.

— بىزمۇ چۈشكۈن قىلىمىز.

— نەدە چۈشكۈن قىلىسىلەر؟

— سىلەرچۇ؟

— بىز ئاۋۇ يەردە. — ئۇ، ئالدىدىكى تۈزلەڭلىكتىكى بىر لاۋۇر ئورمانلىقىنى كورسەتتى.

— بىزمۇ شۇ يەردە.

— ئوبدان گەپ. بىر يەرگە چۈشسەك كوڭۈلۈك بولىدۇ، — ۋىفۇ ئاغزىدا بۇنداق دېسىمۇ، لېكىن كوڭلىدە «بىزنىڭ پىيىمىزگە چۈشكەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى.

— كوڭۈل بولىدۇ، لېكىن جاڭجاللاشمايلى.

— يوقسۇ، جاڭجاللاشمىدىغان. ھەممىسى پەر بولۇپ قالدۇق ئەمەسمۇ. — ۋىفۇ مەنىلىك قىلىپ سوزلىدى.

ئالدى تەرەپتىن لاۋۇر گۈلىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. ئېقىش ئېچىلغان چېچەكلەر خۇددى ئاياللارنىڭ بېشىدىكى كومۇچ چازىغا ئوخشايتتى. ئۇلار ھېمىشە تېخى ئېچىلمىغان غۇنچىدەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئاجايىپ ئوبدان پۇرايتتى. ئۇنىڭ پۇرىقى باشقا ھەرقانداق گۈللەردىنمۇ ئوبدان ئىدى. شەھەر سودىگەرلىرى لاۋۇر گۈلىنىڭ بىغىنى كىچىك-كىچىك سىمنى باغلاپ، ئاياللارغا ساتاتتى، ئاياللار ئۇنى كىيىملىرىنىڭ ئالدى

ياقسىغا قىستۇرۇپ ئالاتتى. بۇ يەردە بولسا بۇ گۈللەرنى ئار-
زۇلاپ قىستۇرۇپ ئالىدىغان ئادەم يوق. چۈنكى بۇ گۈللەر
بۇيەردە كوپ.

ۋىفۇ بىلەن شياۋئۇ ئادەتتىكىچە ھەممىدىن ئاۋال ئۇن
بىرىنچى ئاتىنىڭ ژۇكىنى، ئاندىن كېيىن باشقا ئاتىلارنىڭ
ژۇكىنى چۇشۇردى.

قاراڭغۇ چۇشتى، سۇتتەك ئايدىڭ كېچە.

لى يىڭ ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇشتىن، ئۇلارغا غىزا قىلىپ
بېرىشتىن يالتايدى.

لى يىڭ تۇنۇگۇن كېچىدىكىنىڭ ئەكسىنچە، بۇگۇن ئاخشام
غىزاسىنى يەپ بولغاندىن كېيىن گۇلخان يېنىدا يېتىپلا ئۇخلاپ
قالدى. چۇنكى ئىككى كېچىدىن بۇيان ناھايىتى ئاز ئۇخ-
لىغان ئىدى. جۇلىنسىن ئۇنىڭغا ئەدىيالنى ئاستا يېپىپ قويدى.
ئايدىڭدا ئۇنىڭ يۇزىگە كوزى چۇشتى، ئۇنىڭ كېلىشكەن قاش-
لىرى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى يەلپۇنۇپ تۇراتتى، ئىككى جىۋ-
ىنىنىڭ سەل-پەل ئېچىلىپ تۇرۇشى خۇددى كۇلۇپ تۇرغان-
دەك تۇيۇلۇپ كىشىنى خىيالغا سالاتتى.

فىڭتىگۇي جۇلىنسىننى يېنىغا قىچقىرىپ ئېلىپ:

— ۋىفۇ بۇگۇن تۇندە بىزنى تاشلاپ كەتمەكچى. كېچىدە
سەگەگرەك يات. ئۇلار قوزغۇلۇش بىلەن تەڭ، بىزمۇ قوزغۇ-
لىمىز. — دېدى.

www.uyghurkitap.com

جۇلنىسىن ئاتـلىرىنىڭ تاقىلىرىنى تەكشۈرۈپ بولغانـدىن كېيىن لاۋۇر دەرىخقە چىقىپ، ئورمانلىقنىڭ يولنى كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن، خـۇددى قـەۋرىگە ئوخشاش تۇرغان ئىكـكى قارا سايىغا دىقـقەت بىلەن قارىدى ۋە قىلغىلى ئىش تاپالمىغان كىشىدەك، بىر تۇتام لاۋۇرگۈلىنى قايرىپ ئېلىپ، ئۇ-لارنى چېقىر تماقىقا ئوتكۈزۈپ، خېلى ۋاختتىن كېيىن سەدەپتىن تىزغان مارجاندەك ئۇزۇن بىر گۈل چەمبىرىكى قىلىپ باغلاپ، لى يىگىنىڭ بېشىنى ئاستا كوتۈرۈپ، چەمبىرەكنى ئۇنىڭ بويـنىغا سېلىپ قويدى. كېيىن يەنە ئورمانـلىققا بىرنەزەر سېلىپ ئالغاندىن كېيىن، ژۇكلەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بىر كېرىلىپ قويۇپ، يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

دىگەندەك، ۋېيفۇ بىلەن شياۋئۇ يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، ژۇكلەرنى ئۇن-تۇن چىقارماستىن ئاتلارغا ئارتتى. ۋېيفـۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ لى يىگىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يەلـكىسىگە ئاستا ئۇردى:

— ھەي، تۇر، ماڭىمىز. بالدۇرراق ماڭايلى. بۈگۈن...غا يېتىپ بارىمىز. ئۇ يەرگە بارغاندا پۇلۇڭنى بېرىمىز، سېنى لامۇڭ بازىرىغا قايتۇرۇۋېتىپ، باشقا ئات تاپىمىز...

— تېخى تاڭ ئاتمىدىمۇ! — لى يىگ كوزىنى ئۇۋۇلاپ، رەنجىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئاستا! باشقىلار ئويغۇنۇپ كەتمىسۇن. ئۇلار ئۇخلاۋە-

سۇن. بىز ئىلگىرىلەپ ماڭىمىز. ژۇكلەرنى ئارتىپ تەييارلىنىپ بولدۇق،ــ ۋېيفۇ ئۇنىڭغا ئاستا سوزلىدى.

ــجۇلىنسىن ئاكا!ــلى يىڭ زىل ئاۋاز بىلەن قىچقىردى.

ــۋاقىرىما!ــدېدى ۋېيفۇ دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ،ــئۇلار ھېرىپ كەتتى!

ــجۇلىنسىن«ھە» دەپ قويۇپ، يېنىغا ئورۇلۇپ يەنە ئۇخلاۋەردى. ھەقىقەتــتە جۇلىنسىن بىلەن فىڭتىڭگوي ئويغاق ئىدى. ۋېيفۇ بىلەن شياۋئۇنىڭ ئاتلارغا ژۇك ئارتقىنىنىماراپ كورۇپ تۇرغان ئىدى.

ۋېيفۇ تېخى ئۇيقۇسى ئېچىلمىغان لى يىڭنى تارتىپ ئېلىپ ماڭدى، شياۋئۇ ئاتنىڭ بويىندىكى قوڭغۇراقنى ئاستا تۇتۇۋېلىپ، ئاتلارنى ھايدىدى. ئاتلار ئۇستىدىكى شەبنەملەرنى سىلكىپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن توۋاقلىرىنى سورەپ ماڭدى.

كارۋان ئاستىلاپ ئۇزاقلاشتى. شۇ چاغدا شياۋئۇ بىرىنچى ئاتنى ھەدەپ قامچىلاپ، بورە ژۇرۇشىگە سالدى. قالغان ئاتلارمۇ ژۇگۇرۇپ ماڭدى. ئاتلار ئۇركىگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان لى يىڭ:

ــتىزگىنىنى تارتىڭ! ئات ئۇركۇپ كەتتى!ــدەپ ۋاقىرىدى.

ــبىردەم ئىتتىگرەك ماڭسۇن، ئىتتىك ماڭسا تەرلەيدۇ! ھا ـ ھا ـ ھا!......ــشياۋئۇ قاقاخلاپ كۇلۇپ كەتتي.

كارۋان بارغانسېرى ئىنتىك ماڭماقتا.

كارۋان ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، جۇلىنىسىن بىلەن فىڭ تىڭگۇيمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ژۇكلەرنى ئارتىپ يولغا چىقتى. فىڭ تىڭگۇي ئايدىڭدا ئون نەچچە ئاتنىڭ كارۋان يولىدىكى يېڭى ئىزلىرىنى پەرق قىلالايتتى. بۇلار شۇ يېڭى ئىزلارنى بېسىپ ئالغا باستى.

شياۋئۇ ئاتلارنى قوغلاپ ئوتتۇز نەچچە چاقىرىم تاغلىق يولنى باسقاندىن كېيىن مېڭىشنى سەل ئاستىلاتتى. ئۇ ئالدى تەرەپتە ئاچچا يولنى كورگەندىن كېيىن، دەرھال ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاتلارنى يول بويىدا توختاتتى. ئاتلارنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى ئەدىيال بىلەن ئون نەچچە تاغارنى ئېلىپ، ئۇلارنى ئاچچا يولنىڭ ئورمانلىققا كەتكەن چىغىر يولى ئاغزىغا يېيىپ، ئاندىن كېيىن ئاتلارنى شۇ «پايانداز»غا دەسسىتىپ ئۆتكۈزۈپ، ئورمانلىقتىكى ئوتلاققا باشلاپ قويۇپ، ئۆزى قايتىپ ھېلىقى «پايانداز»نى ژىغىشتۇرۇپ ئالدى. ئۇنىڭ مەخسىدى ئاتلارنىڭ ۋە ئادەمنىڭ ئىزلىرىنى يوقۇتۇپ، ئارقىسىدىكى كارۋاننى ئازغاشتۇرۇش ئىدى.

كارۋان دەم ئېلىشقا توختىغاندا، لى يىڭ بىردىنلا لاۋۇر گۈلىنىڭ ھىدىنى سېزىپ، بوينىدىكى گۈل چەمبىرىكىنى كوردى، ئۇ بۇنى كىمنىڭ ئېسىپ قويغانلىغىنى پەھملەيتتى. شۇڭا ئۆز ـ ئۆزىدىن ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى ۋە: «جۇلىنىسىن

ئاكام بىلەن فىڭتىڭگوۋي ئاكام تېخىچە ئۇخلاپ ياتقان ئوخ-
شايدۇ! ئۇلار بۈگۈن بىز بىلەن ھەمرا بولالمايدىغان بولدى.
ھەي ئىستەي!»—دەپ ئويلاپ، كۆڭلى بىر ئاز بىارام بولدى.
دەل شۇ چاغدا كارۋان بىردىنلا يولدىن چىقىپ، ئورمانلىققا
كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: شياۋئۇ قەستەنگە جۇلىنىسىن
ئاكام بىلەن فىڭتىڭگوۋي ئاكامنى تاشلاپ ماڭغان بولساكېرەك،
دەپ پەھىملىدى، ئۆزى مىنگەن ئات ئورمانغا قەدەم تاشلىغاندا:
«جۇلىنىسىن ئاكاملار يېتىشىپ كەلمەي قالمايدۇ»—دەپ ئوي-
لاپ، ئۈمىت باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال بويىنىدىكى
گۈل چەمبىرىگىنى ئېلىپ، ئاتتا تۇرۇپلا ئۇنى ئاچچا يولنىڭ
چىقىر ئاغزىدىكى دەرەخنىڭ شېخىغا ئىلىپ قويدى.

جۇلىنىسىن بىلەن فىڭتىڭگوۋي ئاچچا يولغاكەلگەندە تاڭ
سۈزۈلدى . شۇ چاغدا فىڭتىڭگوۋي توختىدى، ئاتلارنىڭ
ئىزىنى تاپالمىدى. يولنىڭ ھەرئىككىسىدىلا يېڭى ئىز يوق.
بۇ قانداق گەپ، ئۇلار قايسى يولدىن ماڭغاندۇر؟ جۇلىنىسىن
ھەرئىككى يولدىن قوغلاپ ماڭايلى دىگەن تەكلىپنى بەردى،
بۇنى فىڭتىڭگوۋي ماقۇل كورمىدى . ئاخىرى ئىزلەش قارارىغا
كېلىشتى . ئىككويلەن ئېگىشىپ، يولدىن ئىزئىزلىدى. لېكىن
كارۋان بىردىنلا ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندەك، يولدا
بىرمۇ ئىز يوق! جۇلىنىسىن بېشىنى كوتۇرۇپ:

—ئاسمانغا چىقىپ كېتىشكەنىسەنمۇ!—دەپ تىللىدى ۋە

شۇ ئاندا ئۇنىڭ بۇرنىغا بىردىنلا لاۋۇر گۇلىنىڭ ھىدى كىردى. ئۇ، ئورمانلىقتىكى چىغىر يول ئاغزىدىكى دەرەخنىڭ شىخىدا ئىلىنغلىق تۇرغان لاۋۇر گۇلى چەمبىرىگىنى كوردى. خوشاللىغىدىن «تاپتىم!» دەپ ۋاقىرىۋەتتى ۋە سەكرەپلا چەمبىرەكنى ئالدى.

— فىڭتىڭگۇي ئاكا! چۇشەندىم! — دەپ ۋاقىرىدى جۇلىنىسىن ۋە فىڭتىڭگۇي بۇ كارامەتنى چۇشۇنۇپ بولغىچە، سەكرەپلا ئىپتىغا مىنىپ، ئورمانلىقتىكى چىغىر يولغا قاراپ ماڭدى. فىڭتىڭگۇيمۇ ئاتقا مىنىپ، ئارقىسىدىن چاپتى.

جۇلىنىسىن بىر قولىغا لاۋۇر گۇلى چەمبىرىگىنى ئېلىپ، بىر قولىدا بامبۇك تايىغى بىلەن ئاتنى ئۇرۇپ ماڭدى. ئاتلار ئورمانلىقتا كىشنەپ ۋۇگۇرۇپ، بىردەمدىلا ئوتتۇز نەچچە چاقىرىم يولنى باستى. شۇ چاغدا ھېلىقى تونۇش قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، تونۇش قىزنىڭ قارىسىمۇ كورۇندى. جۇلىنىسىننىڭ ئىپتى لى يىڭنىڭ ئىپتىغا يېتىشكەندە لى يىڭ خوشاللىغىدىن ۋاقىرىدۋەتتى:

— ۋاي يېتىشىپ كەلدىڭلىمۇ!

دەل شۇ چاغدا شياۋئۇ بىلەن ۋېيفۇ ئات ئۇستىدە ئارقىسىغا ئورۇلۇپ، چوچۇگىنىدىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. بۇ، ئۇلار ئۇچۇن كورۇلمىگەن پاجىەلىك مەغلۇبىيەت ئىدى.

— بۇرادەر، — دىدى ۋېيفۇ فىڭتىڭگۇيگە، — ئەجەپ بۇ

يول بىلەن مېڭىپسىلەرغۇ؟

—سىلەر نىمىشقا ماڭدىڭلار؟ سىلەر ماڭالىغان يولدا بىزمۇ ماڭالايمىز.

—بىزسەھەر تۇرۇپ، ئىزدىتقۇغا ئۇچراپتۇق!

—شۇنداقمۇ! سىلەر ئىزدىتقۇغا ئۇچراپ ئىزىپ كەتكەن بولساڭلار، بىزنى شەيتان بۇ يولغا باشلاپ كەلگەن بولسا كېرەك.

—يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن چوڭ يولغا چىقىمىز. ماڭايلى!—ۋىفۇ روھى ھەجەتتىن ناھايىتى قىسىلغان ئىدى. ئۇ بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئادەتتىكى كارۋانلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بارغانسېرى روشەن پەھىملەپ قالدى. لېكىن ئۇ: «بۇلار بىزنىڭ سىرىمىزنى بىلمەيدۇ» دىگەن گۇمان بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

—كارۋان بېشى،— فىڭتىڭگۇي ۋىفۇدىن سورىدى،— بۈگۈن...دە ئات سارىيىغا چۈشەمسىلەر؟

—ھەئە، چۈشۈمىز.—ۋىفۇ ھوشىنى يوقۇتۇپ قويغان كىشىدەك جاۋاپ بەردى.

—مەڭ!—جۇلىنىسىن گۇل چەمبىرىگىنى قارىلاپ ئېتىپ لى يىڭنىڭ بويىنىغا كەيدۈردى،—بۇ سىزگە.

—رەخمەت!—دىدى لى يىڭ ئارقىسىغا ئورۇلۇپ جۇلىنىسىنغا ۋە ئاق كوكۈللۇك ھالدا،—بۈگۈن ئاخشام ئات سارىيىغا چۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل ئادرېسى

شۇمىز. ئات سارىيى... سىلەرچۇ؟ — دەپ سورىدى.
— بىزمۇ ئات سارىيىغا چۈشۈمىز.

## ئات سارىيى

بۇ يەرلەردىكى كارۋان يولىدا بىردىن بىر قاتناش قورالى — ئات. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، خائىن جياڭكەيشى ھوكۇمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋە سودىگەرلەرنىڭ بارلىق مال - مۈلكى، بايلىقىمۇ ئات ئىدى. ئۇلار شۇ ئاتلىرىنى ئىشلىتىپ، ئاتلىرى - بايلىقىنى كۆپەيتەتتى. بۇ يەرلەردىكى سارايلارنىڭ كارۋان سارىيى دەپ ئاتالماستىن، ئات سارىيى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى بار. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئەمەلدارلار ۋە سودىگەر - لەرنىڭ ئۆز ئاتلىرىنى ئۆزلىرى ھايداپ، كارۋان يولىنىڭ سىرتىق تۈپىلىرىنى يەيدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇلار كارۋانلارنى ياللاپ ئالاتتى. كارۋاننىڭ ھەققى ئىگىلىرى - نىڭ تولىسى شۇ ئۇچەيگە ئوخشاش تار، ئەگرى - توقاي تاغلىق يوللاردا كېچە - كۈندۈز قاتناپ تۇرماستىن، چېگرا بويلىرىدىكى شەھەر ياكى بازارلاردىكى خىشلىق ئۆيلەردە ياتاتتى. سارايۋەنلەر نەزىرىدە كارۋانلار مېھمان يولوچى ئەمەس، پەقەت ئاتلارنىڭ خىزمەتكارلىرى ھېساپلىناتتى، ئاتلار بولسا ھەققىي مېھمان ئىدى. شۇڭا «ئات سارىيى» دېگەن سۆز ئېچكى ئۆلكىلەردىكى كىشىلەرگە غەلىتە بىلىنىدۇ.

ئات ساردىيى ئاچقان كىشىلەر ئۆي سالمايدۇ. ئۇلار بىر ئات ژۇكى بىلەن پاتقىدەك بىردەرۋازا ياساپ قويسا، بىر جادۇ تەييارلاپ قويسا، ئېغىللارغا يوغان دەرەخلەرنى ئويۇپ ياسىغان ئوقۇرلارنى هازىرلاپ، ئېقىنىنىڭ سۇيىنى بامبۇك نوسى بىلەن ئېغىللارغا باشلاپ قويسا، كارۋانلارغا سېتىپبېرىش ئۈچۈن ئاز – پاز قۇرۇق ئوت – بوغۇز تەييارلاپ قويسا، قىسقىسى ئات تۇرۇدىغان جاي ۋە ئوت – بوغۇز تەييارلاپ قويسىلا بولدى. كارۋانلارنىڭ ياتىدىغان يېرى ئاسان گەپ. ئەگەردە ئۇلار ئىگىز يەرنى خالىسا، سارايۋەن خوتۇن ئۇلارغا تورت تەرەپتىن شامال كېلىپ تۇرۇدىغان سوقما راۋاقىنى بېرىدۇ، ئۇ يەردە ياتقانلارنىڭ يۇزىگە ئايمۇ چۇشۇپ تۇرۇدۇ. توۋەنرەك يەرنى خالىسا، ئايۋان ياكى ئاشخانىنىڭ زەي پەگاسىغا بىر ئاز پاخال سېلىپ بېرىدۇ. بۇ يەردە ژۇمۇلىسىگىزمۇ مەيلى.

ئاتلار كوك ئوتنى ئوبدان كورۇدۇ هەم قۇرۇق ئېغىلدا تۇرۇشنى ياخشى كورۇدۇ. ئەپسۇسكى، ئېغىلدا تۇرسا، قۇرۇپ كەتكەن پاخاللارنى چايناشقا توغرى كېلىدۇ. ئېغىلدا تۇرۇپ، كوك ئوت يېيەلىسە ناهايىتى ئوبدان بولاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ پېشانىسىغا شۇنداق پۇتۇلگەنكى، ئۇلارغا بۇنداق ئوبدان كۇنلەر هېمىشە توغرى كېلىۋەمەيدۇ.

ۋى فۇ ئوك قولىدا شامنى تۇتۇپ، سول قولى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شامالنى توساپ، ئىغىلغا كىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قورۇقى ئوت ۋە قوناق چايناۋاتقان ئاتلىرىنى كوزدىن كوچۇردى. ئاتلار بوغۇزنى خۇددى مولدۇر ئاردلاش يىغىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىپ چاينىماقتا. ۋى فۇ ئاتلارنىڭ ھەر بىرسىنى بېشىدىن قويرۇغىچە، ئالدى - ئارقى ئاياقلىرىنىڭ تۇۋاقلىرىغىچە تەكشۇرۇپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ ئوزىنىڭ ئون ئالتى ئېتىنى ناھايىتى سىنچىلاپ كوزدىن كوچۇردى. ئوزىنىڭ ئاتلىرى بىلەن بىر يەرگە باغلاغلىق تۇرغان تورت ئاتنىڭ - فڭ تىڭگۇي بىلەن جۇلىنىسىنىڭ ئاتلىرىنىڭ يېنىغا كەلدى. يېقىن كەلمەستىنلا بو تورت ئاتئۇنى ياقتۇرمىغاندەك قىلىپ، خىخىراپ قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتتى. ۋى فۇ ئۇ ئاتلارنى ئاستا كوندۇرۇپ، ئوقۇرغا بىر ئاز بوغۇز سالغاندىن كېيىن، ئاتلار پىتىقلاشتىن توختىدى. ۋى فۇ شامنىڭ يورۇغىدا بىر جەدە ئاتنىڭ دۇمبىسىدىكى ئىگەر باسقان يېگى ئىككى قىزىل يارىنى كوردى. ئۇ دىققەت بىلەن قارىدى، بو جەدە ئاتنىڭ دۇمبىسى ژۇك ئارتىلغان ئارۋان ئاتلىرىنىڭ دۇمبىسىگە ئوخشايتتى . ئۇ يېقىن كېلىپ بو تورت ئاتنىڭ ھەممىسىنىڭ دۇمبىسىدىكى ئىزلار ئىگەرنىڭ ئىزى ئىكەنلىگىنى كورۇپ، چوچۇپ كەتتى ، پۇت - قولى قېتىپ قالدى، تىلى كالۋۇلاشتى. ئۇ، بۇ تورت ئاتنى بىرىنچى ئۇچراتقان ۋاختىدىكى ئەھۋاللارنى كوز ئالدىغا كەلتۇردى -

دە، مىڭىسىدە «ئاتلىق ئەسكەر» دىگەن كىشىنى چوچۇتۇدىغان سوز پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولى تىترەپ كەتتى، تۇۋرۇكلەر-نىڭ سايىسىمۇ شامنىڭ نۇرىنىڭ پۇلاڭلىشى بىلەن تەڭ پۇلاڭلى-دى. ئۇنىڭ پۇتۇن ئەزايى لاسىسىدا بوشاپ كەتتى، قولى-دىكى شام يەرگە چۇشۇپ ئوچۇپ قالدى. ئۇ ھىچنەرسىنى كورەلمىدى، ھالقۇقۇپ-تىنەپ قالدى. ئىغىلنىڭ سىرتىدا، پاكار تامنىڭ كەينىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان فىڭ تىڭگوي ئۇنىڭ بۇ بارلىق ھەركەتلىرىنى كورۇپ تۇراتتى. يەنە، فىڭ تىڭگوي-نىڭ ئالىنقاچان ئىغىلغا كىرىپ، بۇن بىرىنچى ئاتقا ئارتىلغان ژۇكنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانلىقى ۋى فۇنىڭ چۇشىگىمۇ كىرمىگەن ئىدى.

— كىم بۇ؟— سارايۋەن خوتۇن بىر داس ئىسسىق سۇنى كوتۇرۇپ ئاشخانىدىن چىقىۋىتىپ سورىدى. بۇ، كوزى ئىشتىنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق تۇلخوتۇن ئىدى.

— مەن،— ژۇرۇگى خۇددى ياغدا قورۇلغاندەك پىژىلداپ كىتىۋاتقان ۋى فۇ ھويلىدا بىشىنى توۋەن سىلىپ كىتىۋىتىپ جاۋاپ بەردى.

— ھە، كارۋان بىشىمۇ! سىزگە پۇت ژۇغىلى سۇ ئىلىپ چىقتىم. پۇتىڭىزنى ژۇيۇپ ئىلىڭ،— دە، ئوينىاخلاپ ئويگە كىردى.

— ياق، ژۇمۇسامىمۇ بولۇدۇ، رەخمەت،— ۋى فۇ ئويگە

www.uyghurkitap.com

كىرىپ ژۇكلەرنىڭ ئۈستىدە پارامۇش ئولتۇردى.

— مەيلىڭىز. ئۇنداق بولسا، ئاۋال غىزا يەڭ. غىزادىن كېيىن ژۇيارسىز. — دېدى سارايۋەن خوتۇن ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — سىلەر ھەممەڭلەر غىزانى بىر يەردە ئولتۇرۇپ يەڭلەر. ھېلىقى ئىككى ژىگىت، يەنە بىر ياۋ خوتۇن بار. سىزگە بىر تەخسە قىزنى ئايرىم پۇشۇرۇپ ئەكىرىپ بېرەي. بۇ نوۋەت هاراق يوق. ئۇزۇن سەپەرگە كېتىۋاتقىنىڭلاردا ئىچمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. «ئەگەر بەك ئىچكىڭىز كەلگەن بولسا...»

— ھەدە! — ۋاقىرىدى كىچىك مېھمان لى يىڭ ئاشخانىدا تۇرۇپ، — توخۇم پىشىپ كەتتى! ۋاي ھەدە!

— ھە؟ — سارايۋەن خۇددى ئۇچقاندەك ژۇگۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

ۋېي فۇ پىشانىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرماقتا. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق بىر ھالغا چۈشۈپ قالغانلىغىنى، بۇ ئىككى ژىگىتنىڭ قانداق كىشى ئېكەنلىگىنى بىلگەن ئىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ئون ئالتە ئاتنىڭ ژۇكىدىكى سىرلارنى بىلىشكە ئىشەنمەيتتى.

«خەير. شۇ ئۆمرۈمدە مۇشۇنداق خەۋپلىك ئىشلارنى قىلىپ كەلدىم» — دەپ ئويلىدى ۋېي فۇ — «بۇ نوۋەت بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن. قورققان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ!» — ئۇ بىر ئاز روھلىنىپ ئالدى. ئۇنىڭ يىگىرمە نەچچە ژىلدىن بۇيان قىلىپ كەلگەن تەۋەككۇلچىلىكىنىڭ تەجرىبىسى ئۆزىنى

ئالدىغان ئىدى. ئۇ هازىرقى دەۋرنىڭ قانداق بىر دەۋر ئىكەنلىگىدىن، هازىر قانداق كىشىلەرگە يولۇقانلىغىدىن بىخەۋەر.

شياۋئۇ ئايۋاندىكى سەندەل يېنىدىن چىقىپ، توپ ـ توغرى ۋى فۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

ـــ نىمە بولدىڭىز؟

ـــ شياۋئۇ!ـــ دىدى ئۇ قولىغىغا پىچىرلاپـــ چاتاق چىقىدىغاندەك تۇرۇدۇ. بۇ ئىككىيلەن هېلىقى...ـــ ئۇ، ئىپىغىلدا كورگەن ئەهۋاللارنى سوزلىدى.

ـــ مەيلى! ئەگەر چاتاق چىققىدەك بولسا، مانا بۇ بار!
ـــ شياۋئۇ بېلىدىن ۋالىلداپ تۇرغان خەنجەرنى چىقاردى.

ـــ سېلىپ قوي!ـــ ۋى فۇ تووەن ئاۋاز بىلەن سوزلىدى.

ئايۋاندىكى سەندەل يېنىدا فىڭ تىڭگوي، جولىنىسىن ۋە پەن ئانا ئولتۇراتتى، پەن ئانا بۇگۇن چۇشتە...گە باشقا بىر يول بىلەن يېتىپ كېلىپ، كەچقۇرۇن مۇشۇ سارايغا چۇشكەن ئىدى. ئۇ بۇ ئىككى ژىگىت بىلەن تونۇشمىغاندەك بولۇپ ئولتۇردى. هازىر بۇ يەردە پەقەت مۇشۇ ئۇچ كىشىلا بار ئىدى. فىڭ تىڭگوي ئىشىككە يولۇنۇپ، ئىشىكنىڭ يۇچۇغىدىن شياۋئۇ بىلەن ۋى فۇنىڭ هەركىتىگە قاراپ، قولىغىنى تىكىپ پەن ئانىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. پەن ئانا بۇ يەردە گۇمانلىق ئادەم يوقلىغىنى، ۋى فۇنىڭ بۇ يەردە ئالاقىلىشىدىغان

ئادىمى يوقلىغىنى ئېيتتى. فىك تىڭگوي پەن ئانىنىڭ سۆزلىـ
رىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ۋى فۇنىڭ چـوچـۇپ قالغانلىغىنى،
ئوزلىرىنىڭ كىم ئېكەنلىگىنى ئۇلارنىڭ پايقاشقا باشلىغانلىغىنى
ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇگۇن ئاخشام ئۇلارنى پاش قىلىشنىڭ
تەييارلىقلىرىغا كىرىشىش توغـرىسىدا ئىش تەخسىم قىلىندى.

سارايۋەن بىر پاكار جوزىـنى كوتۇرۇپ كىرىپ، گۇللۇك
بەلۋىغى بىلەن جوزىنى سۇرتتى. بۇگۇن ئاخشام سارايغا چۇشـ
كەن كارۋانچىلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ جوزىغا باشلاپ كەلدى.
ئۇ ۋى فۇنى چـوڭ كارۋان بېشـى دەپ ئويـلايتتى. شۇڭا
ئۇنى تورگە، سەندەل يېنىغا تەكلىپ قىلدى. كېيىـن ئويقۇـ
دىن باش كوتەرمەيدىغان ئوغلىنى قىچقىردى:

— شياۋ ماۋ! غىزانى ئېلىپ كىر!

شياۋ ماۋ كورۇنۇشتە ئون ئالتى ياشلارغا كىرگەندەك كوـ
رۇنەتتى. ھازىر ئۇ، بۇلۇڭدا خورەك تارتىپ، ئاغـزىـدىـن
شال ئاختۇرۇپ ئۇخلاپ ياتاتتى.

— شياۋ ماۋ— سارايۋەن كايىدى ۋە يەردىن چوپتىن توـ
قۇلغان بىر كىچىك بەلدۇگنى ئېلىپ، شياۋ ماۋغا ئاتتى، —
قوپ، غىزانى ئېلىپ كىر!

— ۋايجان! ئانا مىنى كىم ئۇردى؟

بۇ ئەھۋالنى كورگەن كارۋانلار قاقاخلاپ كۇلۇشۇپ
كەتتى. لېكىن ۋى فۇ ئۇزايىنى بۇزماي، خۇددى فىك تىڭگويـ

نىڭ پېشانىسىدىكى سەل ـ پەل بىلىنىپ تۇرغان ھەربىي شەپ ـ كىسىنىڭ ئىزىنى كورگەندەك، ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئولتۇردى.

ــ مەن ئۇردۇم. ــ قوپ، غىزانى ئېلىپ كىر! ــ سارايۋەن شىياۋ ماۋنىڭ قۇلىقىدىن سوزغىنىچە ئايۋاندىن چىقاردى، ــ تەييار تاپ!

بىر ئاز ئوتمەستىن، سارايۋەن بىلەن شىياۋ ماۋ چىنە ـ قاچىلارنى ئېلىپ كىردى.

ــ يەڭلەر، ھاراق يوق، ــ دىدى سارايۋەن ۋە ۋى فۇ ـ نىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، ــ ئوزلىرى ھاراق ئىچەمدىلا؟

ــ ئىچىمەن! ــ ۋى فۇئۇنلۇك سوزلىدى، ھەممويلەن ئىچىمىز!

ــ ئەگەر ئوزلىرى خالىسىلا، ئازغىنە جۇنجۇن ھارىقىم بار ئىدى.

ــ ئەكەل، ھەممىمىز ئاز ـ پازدىن ئىچىمىز.

سارايۋەن ئىچكىرىكى ئويگە كىرىپ بىر قاچا جۇنجۇن ھارىقى ئېلىپ چىقىپ، ۋى فۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

شىياۋ ماۋ ئەسنەپ بۇلۇڭغا بېرىپ ياتتى، بىر ئازدىن كېيىن قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى.

ــ خەپ! ــ سارايۋەن ئوغلىغا خۇددى مۇشۇكتەك تىكىلىپ قاراپ قويدى.

ۋى فۇ قولىدىكى ھاراقنى ھەر بىر كىشىنىڭ قاچىسىغا قۇيۇپ، ئوزىنىڭكىنى كوتەردى:

— ھەممىڭلارنىڭ ھاردۇقى ئۇچۇن، قېنى ئىچەيلى!

شياۋئۇ خۇددى ئىچىرقاپ كەتكەندەك بىر ژۇئۇپىلا ئە-
چىۋەتتى. باشقىلارمۇ ئالدىرىماستىن ئىچىپ تۇگەتتى. سا-
رايۋەن يەنە ۋى فۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەگەر خالىسىلا، يەنە بىر ئاز ئاق ھارىقىم بار. بىر پىيالە
چىقىدۇ، پۇلىنى...

— پۇلى ماڭا ھېساپ، — ۋى فۇ تەڭگە شاراقلاپ تۇرغان
يانچۇقىنى ئۇرۇپ قويدى.

— خوپ. — سارايۋەن يەنە بىر چىنە ئاق ھاراق ئېلىپ
كىردى.

كوپچىلىك يەنە ئىچىپ تۇگەتتى.

— يەنە بىر ئاز جۇنجۇن بار. بۇچاقىچە ھېچكىمگە بەرمە-
گەنتىم. ئەگەر...

— ئەچىقىۋە! پۇلى ماڭا ھېساپ. خۇددى دورا بەر-
گەندەك بەرگىلى تۇردۇڭ. كۇپى بىلەن كوتۇرۇپ چىق!

— خوش. ئىلتىپا تىلىرىدەك بولسۇن! — سارايۋەن بىر كۇپ
ھاراقنى كوتۇرۇپ چىقتى ۋە تىلىنى چىقىرىپ، يەنە ئاشخانىغا
قېيزا پۇشۇرغىلى كىرىپ كەتتى.

— بۇرادەر فىڭ تىڭگۇي، مېنى كوزۇڭگە ئىلىدىغان بول-
ساڭ، ئىچ! — دېدى ۋى فۇ.

سىزنى كوزۇمگە ئىلمىسام، ھەمسەپەر بولمايتتىم. قېنى،

www.uyghurkitap.com

ئەمسە، ــ فىك تىڭگىوي رۇمكىسىنى ۋى فۇ بىلەن «جاق»
قىلىپ سوقۇشتۇردى.

ــ ئاستاراق چىنە چېقىلمىسۇن! ــ دېدى ۋى فۇ.

ــ چىنە چېقىلىشتىن قورقمايمەن، ــ دېدى فىك تىڭگوي،
ــ تۇزنىڭ چېچىلىشىدىن قورقىمەن.

ــ ها ــ ها ــ ها! ــ ۋى فۇ غەيرى تەبىي كۇلۇپ قويدى.

ئىككىيلەن يەنە بىر رۇمكا سوقۇشتۇردى.

ــ قېنى، ئىچىڭلار! ــ پەن ئانا رۇمكىسىنى ۋى فۇغا ئۇ-
زاتتى. ــ بۇگۇن مەنمۇ سىلەردەك سېخىي ئادەمگە يولۇققانـ
لىقىمغا خۇرسەنمەن. ئىچىڭ!

ۋى فۇ پەن ئانا بىلەن بىر رۇمكا ئىچتى. ئەھۋالنى بىر ئاز
پايقىغان شياۋئۇنىڭ كوزى ئالىغايلىشىپ كەتتى.

ــ بىزمۇ بىر رۇمكىدىن ئىچەيلى! ــ جۇلىنسىن يېنىدا تۇرغان
لى يىڭ بىلەن بىرنى سوقۇشتۇردى. لى يىڭ رۇمكىنىڭ
گىرۋىكىنى كالپۇكىغا تەككۈزۈپ، ئۇ، ھاراقنى ئىچىپ بولغىچە
كۇلۇپ قاراپ تۇردى.

شياۋئۇ بىر پارچە گوشنى قىسىپ ئېلىپ:

ــ ھاراقنى قويۇپ، گوشتىنمۇ يەڭلەر، ــ دېدى.

ــ بۇ گوش ئەجەبمۇ قاتتىق ئىكەن، ياۋا چوشقىنىڭ
گوشى ئوخشىمامدۇ! ــ جۇلىنسىن سوز ئارىلىدى.

ۋى فۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىغى دىرىلدەپ كەتتى.

ـــ شياۋ ئۇ !ـــ دىدى فك تنگگوي ،ـــ تۇرقڭىزغا قارىـ
غاندا، ياۋا چوشقا ئوۋلايدىغاندەك كورۇنسىز!

ۋىفۇ خۇددى بىر يىرىگە تىكەن سانچىپ كەتكەندەك
زوقچۇپ كەتتى، يۇزى تاتاردى.

ـــ ياق، ياۋا چوشقا ئوۋلاپ باقمىغان!ـــ شياۋئۇ فك
تنگگويگە كوزىنى ئالايتتى.

ـــ ئوۋ قىلغانسىز، ئۇنتۇپ قاپسىز. لاموڭ بازىرىدا!......ـــ
فك تنگگوي ئۇنىڭغا سىرلىق تىكىلدى. ئوك تەرىپىدىكى لى
يىڭغا قارىدى. شۇ ھالدا ئۇكوزىنى سىرلىق قىلىپ قارىدى.

ۋىفۇنىڭ ئوڭ قولى ئىختىيارسىز رەۋىشتە يەنە ھاراق
رومكىسىغا ئۇزۇتولدى.

ـــ ئەركەك بولساڭ، سوزۇڭنى ئوچۇق قىل، تولا ئە-
گىتمە!ـــ شياۋ ئۇ رۇمكىسىنى جوزىغا قويدى.

ـــ ئەگىتسەم، ئەگىتمىسەم ئوزەڭگە ئايىنغۇ!ـــ جۇلىنسىن
چوكىسىنى شياۋئۇغا شىلتىدى.

ـــ تەگەشمەڭلەر،ـــ دىدى ۋىفۇ،ـــ ئوزگىپىمىزنى، تىجا-
رىتىمىز توغرىسىدىكى گەپنى قىلىشايلى!

ـــ بۇمۇ ئوبدان گەپ ، كارۋان بىشى،ـــ دىدى فك
تنگگوي،ـــ تىجارەت توغرىسىدا پاراڭ قىلايلى: بىز مۇشۇ يەر-
دە توختايدىغان بولۇۋاتىمىز. تورت ئات پاختىمىزغا بىر ئۇلاق
تۇز تىگىشىپ بەرسىڭىز قاندراق. شۇنىڭدا، ئارتۇق يول مى-

كېيمۇ ژۇرمىسەك،...سىزگىمۇ زىيان بولمايدۇ.

— تۇزغا تېگىشسەك؟—ۋېيفۇ فىڭ تىڭگوينىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان قىياپىتىنى كورۇپ سوزلىدى،—ياخشى گەپ ئېكەن. ئەته سەھەردە سىلەرگە بىر ئۇلاق تۇز بېرەيلى. بۇ ياخشى مەسلىھەت ئېكەن.

— بولدى ، سوزىمىز شۇ بولسۇن !—دېدى فىڭتىڭگوي رۇمكىسىنى كوتۇرۇپ،—قېنى، بىردىن ئىچەيلى ،—ئۇ ۋېيفۇغا تولدۇرۇپ بىر رۇمكا هاراق قويدى.

ۋېيفۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، رۇمكىنى كوتەردى، ئەمما كوڭلىدە: «دىققەت، موللاقلاپ كەتمە!»—دەپ قويدى.

— لېكىن بىر شەرتىم بار،—دېدى فىڭتىڭگوي ،—ئون ئالتى ئاتتىكى تۇزنىڭ بىر ئۇلىغىنى ئوزەم تاللىۋالىمەن!

— ئىختىيارىڭىز!—ۋېيفۇنىڭ رۇمكا كوتەرگەن قولى تىتىرەپ، هاراق ئوچاقتىكى ئوتقا تېمىپ، پىژ-پىژ قىلىپ يېشىل يېلىن چىقاردى. ۋېيفۇنىڭ زىۋانى تۇتۇلۇپ قالدى.

فىڭتىڭگوي جۇلىنسىنگە كوز ئىشارىتى قىلدى ، جۇلىنسىن بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتى. ۋېيفۇ ئۇنىڭ ئار-قىسىدىن چىقىشقا ئۇرۇنغان ئىدى، هېلىقى «تونۇشمايدىغان» پەن ئاتا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر رۇمكا هاراق سۇندى:

— يەنە بىر ئاز ئىچىڭ، كارۋان بېشى!

— ئوزەڭلەر تاللىۋالساڭلار ، ئۇنۇمايمەن !—شياۋ ئۇ قاراقچى-

لارنىڭ قارا تىلى بىلەن سوزلەپ ئورنىدىن قوپتى، — بۇرادەر بولساڭ، ئوزلىرىڭنى تونۇتۇش !

— قايسى ئۇلاقتىكىنى تاللايسىلەر؟ — ۋىفۇ پەن ئانىغا تىكىلدى.

— ئون بىرىنچى ئاتتىكىنى! — فىڭتىڭگوي ئوڭ قولى بىلەن كورسەتتى.

— مانا مۇشۇنى! — جۇلىنىسىن ئىشىك ئالدىدا بىر ئۇلاق تۇزنى كوتەرگەن هالدا پەيدا بولدى. لېكىن بۇ ئادەتتىكىچە بولمىغان تۇز توپ توغرى بىر يۇز قىرىق جىڭ كېلەتتى. جۇلىنىسىنىڭ كۇچى شياۋ ئۇنى چوچۇتۇۋەتتى.

لېكىن ۋىفۇ ئۇنىڭ كۇچىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئوزىسىرىنى پاش قىلىۋەتكەنلىكىدىن چوچۇپ كەتتى! فىڭتىڭگوي رومكىنى قولىغا ئېلىپ يەرگە ئۇردى. ئاق هاراق ئوتقا چېچىراپ لاۋۇلدىلا كوكۇش يېلىن چىقاردى.

شياۋ ئۇنىڭ رەڭگى بوزاردى. ئۇ قوينىدىن خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، فىڭتىڭگوينىڭ يۇزىگە سىلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى، جۇلىنىسىن ئىلگىرىلەپ كېلىپ بىرنى تەپتىدە، شياۋ ئۇنىڭ قولىدىكى خەنجەر ئۇچۇپ چۇشتى.

ئەهۋالدىن چوچىغان ۋىفۇ تاشقىرىغا قېچىپ چىقىشقا ئۇرۇندى، لېكىن ئۇلگۇرەلمىدى. فىڭتىڭگوي ئوقلانغان تاپانچىسىنى چىقاردى، پەن ئانا دەرهال ۋىفۇنىڭ بىلىكىدىن

تۇتتى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن قىمىرلىيالماي قالدى.

جۇلىنىسىن ئۇشىنىسىدىكى كالىلەك تۈزنى يەرگە تاشلىغان ئىدى ئۇيۇتۇلغان تۈز چېچىلدى، ئاق تۈز ئىچىدىن قاپ ـ قارا 2 كىچىك رادىو ماشىنىسى بىلەن يالتىراپ تۇرغان تورت دانە ئۇنىسىز تاپانچە چىقتى.

مۇشۇ جىددىي مىنۇتتا ھەممە ئادەم ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى:

ئۇخلاپ ياتقان شياۋ ماۋ چوچۇپ ئويغىنىپ كەتتى، قورقىنىدىن كالپۇكلىرى كالچىيىپ كەتتى.

تۈزنىڭ يەرگە تاشلانغانىدا چىققان ئاۋازى بىلەن تەڭ چىنە ـ قاچىلارنىڭ جىرىڭلاپ سۇنغان ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. سارايۋەن خوتۇن بىر تەخسە قىزىنى كوتۇرۇپ، ئوڭ پۇتىنى بوسۇغا ئىچىگە دەسسىشى بىلەن چوچۇپ كېتىپ، كوتەرگەن تەخسىسى قولىدىن چۇشۇپ كەتتى.

ۋېي فۇ ھوشىدىن كېتىپ ئوچاق يېنىغا ژىقىلدى، بېشى جوزىغا يولۇنۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوڭ قاپىقىدىكى پىچاق ئىزى تېخىمۇ قارىيىپ كورۇندى.

شياۋئۇنى جۇلىنىسىن ئاستىغا بېسىۋالدى. ئۇ خۇددى بويىنىنى ئۇزارتىپ، كوزىنى چەكچەيتىپ تۇرغان تىجىمە لگە ئوخشايتتى.

لى يىڭ جۇلىنىسىنىڭ سول بىلىكىگە مەككەم ئېسىلىپ تۇردى، ئۇ قورقۇپمۇ، تەنتىرەپمۇ قالمىدى. ھەيران بولغىنىدىن

نەپسىنى توختۇتمۇالدى...

فىڭتىڭگۇي بىر قولىنى بېلىگە تۇتۇپ خۇددى مىس ھەي-
كەلدەك، ۋىفۇ بىلەن شياۋئۇنىڭ ئەپتىگە تىكىلدى.

1954 - ژىل 20 - 22 مارت، جەنۇبىي يۇننەن چېگىرىسىدا.

www.uyghurkitap.com

# بەيگە هارپىسىدا

ئەتە چوڭ بەيگە بولۇدۇ. رايونلۇق خەلق كومىتېتى بۇ-ژىلقى بەيگىنى چوڭ قىلىپ ئوتكۇزۇپ، بەيگىدە ئوزۇپ چىققان ئوبدان ئاتلارنى، تايلارنى مۇكاپاتلاش، ئات باققۇچى، تەربىيىلىگۇچى ۋەنەسىل تاللىغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش لازىم، دىگەن قارارنى چىقاردى.

بەيگە-ياشلار ئۇچۇن ژىلدا بىر قېتىم بولۇدىغان ناھايىتى چوڭ بايرام. ئۇ، ئەتىيازنىڭ ئاخىرسى، يازنىڭ باشلىرىدا، يايلاق ئاۋاتلاشقان، گىيالار توكۇدىن بېشىنى چىقىرىپ، غۇنچىلاپ-چىچەكلەپ، يايلاقنى رەڭمۇ-رەڭ قىلىپ زىننەتلىگەن ۋاختلاردا ئوتكۇزۇلۇدۇ. بۇ چاغلاردا ژىگىتلەر، قىزلار بەيگە كۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تورت كوز بىلەن كۇتۇپ، كۇنلەرنى بارماقلاپ ساناپ ئوتكۇزۇدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ چاغلاردىكى روھى-ھالىنى ئېيتقان غەزەللىرىدىن بىلىپ ئالغىلى بولۇدۇ:

ئېيى گوزەل يايلاق، مېھرىۋان گۇلزار،
بۇلتۇر يازدىن تارتىپلا بىز بۇكۇنگە ئىنتىزار،

www.uyghurkitap.com

قىش گويا پۈتىەس كوۋرۇك قىلدى بىزنى بىزار،
تونۇشلۇق كوۋرۇگىدىن ئۆتۈپ بولۇمىز دوست ۋە يىقىن يار...

لوۋا شۇتىدا ئولتۇراتتى، ئانىسى ئۇنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ، ئاينىڭ يورۇغىدا قىزىنىڭ ئۇششاق ئورۇلگەن چاچلىرىنى تارايتتى. بەيگە ۋاختىغا يەنە توپ ـ توغرى بىر كىچە ۋاخت بولسىمۇ، لىكىن قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كوپ ئىدى. مەسىلەن: ئاتنى تاڭ ئاشۇرۇش، نان ـ توقاش يىقىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئىشلار قاراپ تۇرسىمۇ، باشنى تاراش ئەشۇ نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن كوپرەك قول تۇتىدىغان بىر ئىش. لوۋانىڭ چىچى ئانچە كوپ ئەمەس، ئاران 66 ئورۇم؛ شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ تاراپ ئورۇش خىلى گەپ!

لوۋا ئەرتە بويىنغا ئىبسۇ بىلىشقا تەييارلىغان تىزما مارجانلىرىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، كەڭ يايلاققا، خوشنا يىزىدىكى چىراقلارغا، ژىراقتا چوخچويۇپ تۇرغان قارلىق تاغلارغا قارىدى؛ ئاندىن كىيىن ئوستەڭ بويىدىكى دەرەخزارلىققا كوز سالدى، ئۇششاق دەرەخلەر چىچەكلەپ، ئەتراپقا ئوزلىرىنىڭ خوش پۇراقلىرىنى چاچماقتا. ئەرتە ھاۋا ئوچۇق بولۇدۇ؛ نۇرغۇن ئاتلار ئوستەڭ بويىغا كىلىپ سۇ ئىچىدۇ؛ ژىگىتلەر بىر-بىرىنىڭ چىرايلىق غىلاپلىرىنى، مەزمۇت ئوتۇكلىرىنى تاماشا قىلسا، قىزلار بىر بىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى، يىقىملىق ـ خوش-

خۇي چىرايلىرىنى تاماشا قىلدۇ؛ بەيگە باشلانغاندا ئاتلىنىپ
چىققان يۈزلىگەن ياش ـ قىزلار مەيداندا ئۆز ھۈنەرلىرىنى
كۆرسۈتۈدۇ ۋە ئۇلار ئۇچقاندەك ژۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئات
ئۈستىدە ئوت ـ چوپ ئارىسىدىكى قىزىل بايراقچىلارنى ئېگىـ
شىپ تۇرۇپ ئالدۇ...خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان لوۋا، خۇددى
قاۋۇل بىر ژىگىتنى ــ ئاپپاق ئۇزۇن يەڭلىرىنى لەپىلدىتىپ،
ئات ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ساڭگىلاپ تۇرۇپ ئىككى قىزىل بايـ
راقچىنى يەردىن ئالغان، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەيداندىكى
كىشىلەر ئۇنىڭغا بارىكاللا ئوقۇغان بىر ژىگىتنى ــ مەمۇرى كەنت
باشلىغى ئاۋادىنجۇنى كورگەندەك بولدى. لېكىن نىمە ئۈچۈنـ
دۇر، لوۋا بۇ كارامەتنى كورۇپ، بارىكاللا، دەپ ۋاقىرىمىـ
دى. پەقەپ ژۈرىگىنىڭ ھېلىقى ئاتنىڭ ژۈگۈرۈشىدىنمۇ تېز
سوقۇۋاتقانلىغىنى سەزدى. لوۋا ئوزىنى تۇتۇۋالدى، ژۈرىـ
گىنىڭ سوقۇشىنى، ھاياجانلانغانلىغىنى يوشۇردى. ئۇ، ھېلىقى
ژىگىت بىلەن ئوستەڭ بويىدا تۇيۇقسىز ئۇچرۇشۇپ قالغاندا،
ئەتراپىدا باشقا كىشى بولمىسىمۇ ئۇنىڭغا سالام بېرىشنى ئۇنۇتـ
قان ئىدى؛ ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە قېتىم دوقۇرۇشۇپ قالغانـ
دىمۇ، خۇددى ئوستەڭنىڭ قايىنىمىغا چۈشۈپ كەتكەن بىر تال
گۈل بىر دەمدە قاينامدا بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىپ، ئاخىرى
قاشتىن ژىراقلىشىپ، زادىلا قايتىپ كەلمىگەندەك، ئوتۇشۇپ
كەتكەن ئىدى. لوۋا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان، دوقۇرۇشۇپ

قالغانلىرىنى ھەسرەت بىلەن ئەسلىدى... ئۇ، بېشىنى تارتىپ ئولتۇرۇپ، ئاۋادىنجۇنىڭ كەتتىكە قاراپ: «ئاۋادىنجۇ! ئاۋادىنجۇ! تولا چوكۇلۇق قىلما!» — دەپ ۋايساپ قوياتتى. لېكىن ئاۋادىنجۇنىڭمۇ بۇ كەتتىكە قاراپ شۇنداق ۋايساپ قويۇشىنى نەدىن بىلسۇن!

— ۋايجان! — ئانىسىنىڭ بېشىنى تاراۋېتىپ بىر تال چېچىنى ژۇلۇپ سىيلىشى بىلەن لوۋا قۇرۇق خىيالدىن باش كۆتەردى.

— لوۋا، ئاغرىتىپ قويدۇممۇ نىمە؟ — دەپ سورىدى ئانىسى، — مەن چاچلىرىڭنى پاتراق ئورۇپ بولاي دەپ ئالدىرىغانسىرى، سەن مۇشۇنداق قىلىسەن. سەن ئەندى چوڭ بولدۇڭ، سەن چوڭايغانسىرى مەن ئالدىراپ قىلىۋاتىمەن.

— ئانا! چېچىمنى ئۆزەم تارايمەن دىسەم، ئۇنىمىز...

— بىلەمسەن؟ ئەندى يەنە ئىلگىركىدەك، ئۆزەڭنى تۇزۇمەي موزايغا ئوخشاش بولۇپ تالاغا چىقساڭ بولمايدۇ، كۈندىن - كۈنگە چوڭىيىۋاتىسەن. ساڭا نۇرغۇن كىشىنىڭ كۆزى چۈشۈدۇ، مەن ئاز - تولا ژۇيۇپ - تاراپ، تۈزەپ قويمىسام بولامدۇ؟

— ئەمىسە نىمىشكە يەنە ۋايساۋېرىسىز؟

— ماقۇل، ۋايسىمىسۇن! — سوز قىتىپ قويدى لوۋانىڭ دادىسى شۇتىنىڭ تېگىدە ئاتقا بوغۇز بېرىۋېتىپ.

— ۋايسمىسا ئۇنى موماي دىگىلى بولامدۇ!

— يەنە ئىغىزلىرى ئىچىلدىغۇ! —ئانا شوتىنىڭ ئاستىغا قاراپ سوزلىدى، — نىمىسىگىمۇ ئالدىرايدىكىن. بوز ئاتلىرى ئوزلىرىگە ئوخشاش قىرىپ كەتتى، ھاللىرىغا باقماي تىخى بەيگىگە سالىمەن دەيدىلا!

— ئانا، —دىدى لوۋا، —بوز ئىتىمىزغا گەپ سىغمايدۇ. بەلكىم، دادام ئەرتە كومۇچ مىدال ئىلىشى مۇمكۇن.

— كومۇچ مىدال تۇرماق، مىس مىدالىمۇ نەدە تۇرۇپتۇ! —ئانا سوزلەۋىتىپ، قىزىنىڭ چاچلىرىنى ئورىدى.

دەل شۇچاغدا قاشانىڭ سىرتىدا، ئوڭ قول خوشنىسىنىڭ ئوغلى ئافى ۋاقىرىدى:

— سىنا تاغا! ئەرتە مىنىڭ كارامىتىمنى كورۇڭ!

— بولۇدۇ! ئالتۇن مىدال ئىلىشىڭ مۇمكۇن. —دىدى سىنا ئوقۇردىكى بوغۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇپ.

— ھا ـ ھا ـ ھا! —ئافى ئىككى قولىنى قاشاغا قويۇپ تۇرۇپ، سىنا بىلەن سوزلەشكەن بولۇپ، ئوزىنى لوۋاغا تونۇتماقچى بولدى، —مىنىڭمۇ ئالتۇن مىدال ئىلىشقا كوزۇم يىتىپ تۇرۇدۇ. بۇ يايلاقتا ماڭا تەڭ كىلىدىغان ئادەم نەدە...

— ئوزەڭنى ماختىما! —دىدى لوۋا، —ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، كەنت باشلىغىمىز ئاۋادىنجۇمۇ بار! ئۇ،... —لوۋا ئۇنى ماختاپ قويغانلىغىدىن خىجالەت بولۇپ، سوزىنى توختۇتۇۋالدى.

— ھە، ئۇ قانداقكەن؟ — ئافى سوز تەشمەكچى بولدى.

— ئۇ... — دىدى لوۋا، — مۇغەمبەرلىك قىلماڭ! ئۇ، ئاتلىق پارتىزان بولغان.

— ئاتلىق پارتىزان بولۇش باشقا گەپ، ئۇنىڭ ئىپتى، ژۇگرۇك ئەمەس، ئۇ — بىر سوكسوك!

— نىمىشكە باشقا گەپ بولىدىكەن، — لوۋا سوز بەرمىدى، — ئۇ مەشىق قىلغان! ئات ئۆگەتكەن!

— سىز قانداق بىلىسىز؟ — ئافى قاشادىن خۇددى ئاتتىن سەكرىگەندەك، ئىرغىپ ئۆتۈپ كەلدى.

— مىنىڭچە... — دىدى لوۋا بىر ئاز دۇدۇقلاپ، — ئۇ، ئىپتىنى ئۆگەتسە بولىدۇ...

— ئۇ نەدە ژۇرۇپ ئۆگەتسۇن، — دىدى ئافى شۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە چىقىپ كىلىپ، — لوۋا، ئويلاپ بىقىڭ، ئۇ، كەنت باشلىقى، ئىشى كوپ. بىز بىلەن بەيگە قىلىشقا نەدە چولىسى تەگسۇن! — ئافىنىڭ ئاۋازى بىردىنلا مۇلايىملىشىپ، غەيرى تەبىي بولۇپ چىقتى، — ماڭمۇنەزەر سىلىپ قويۇڭ. بىز بولساق خوشنا، ئوزىڭىز بىلىسىز، مىنىڭ شىنىپن نەسىللىك ئىپتىم يامان ئەمەس. باياتىن ئۇنىڭغا چاي ئىچۇردۇم. ئۇنىڭ كۇچىنى ئەرتە كورۇڭ! سىزنىڭ نەزىرىڭىزنى يەردە قالدۇرمايدۇ...

— ماڭ نېرى! — لوۋا پاراقىتە كۇلۇۋەتتى، — سەن بىلەن

مېنىڭ نىمە كارىم!

— نىمىشكە كارىڭىز يوق ئېكەن؟—ئافى يەنە بىر بالداق ژۇقۇرىغا چىقتى.

— ئەلۋەتتە، كارىم يوق.—لوۋا يەڭگىل جاۋاپ قايتۇردى.

—كارىڭىز بار!—ئافى يەنە بىر بالداق چىقتى.

—كارىم يوق!

كارىڭىز بار!—ئافى لوۋانىڭ ئالدىغىلا كەلدى. ئۇنىڭ ئوچۇق تۇرغان موسكۇللۇق كوكرىگى بىر كوتۇرۇلۇپ، بىر چۇشۇپ تۇراتتى.

— كارىم يوق!—لوۋا ۋاقىرىدى. بۇ ئۇشتۇمتۇت چىققان ئۇنلۇك ئاۋازدىن چوچىغان ئافى شۇتىدىن سەكرەپ چۇ-شۇپ، لوۋانى كۇلدۇرىۋەتتى.

— كارىڭىز بار. خوشنىنىڭ كارى بولماي بولامدۇ.—دىدى ئانا مۇرەسسەلەشتۇرۇپ.

— ئۇكام،—دىدى ئوقۇرنى تاشلاپ ئافىنىڭ ئالدىغا كەل-گەن سىنا،— ژىغلىمىغانسەن؟ ئۇ، ئافىنىڭ بىلىگىنى سىلاپ قويدى.

— ياق، سىنا تاغا!—ئافى ئوپكىسىنى باسالماي ژۇگۇر-دى، قاشادىن سەكرەپ ئوتۇپ كەتتى...

— لوۋانىڭ كۇلكىسى خېلى ۋاختتىن كېيىن توختىدى. لوۋا، شۇنداقمۇ گەپ قىلامدىغان؟ ئەنىدى سەن قاتارغا

قېتىلىپ قالدىڭ، گەپ ـ سوزۇڭنى جايىدا قىل! ــ ئانا كايىدى.

ــ لوۋاغا ئېقىل كىردى! ــ سىنا خوتۇنىغا نارازىلىق بىلدۇردى، ــ ئېقىل كىرىپ قالغانلىغى ئۇچۇن، ئاغىدەك ژىڭىتكە گەپ بەرمىدى!

ــ ۋالاخلىمىسۇن... ــ ئانا سىنانى تىللىدى، كېيىن قىزىغا،

ــ ئورۇپ بولاي دىدىم بىر تال قالدى. ــ دىدى. دەل شۇ چاغدا بىر ئاتىنىڭ ژىراقتىن چىپىپ كېلىۋاتقان ئاۋازى لوۋانى چوچۇتتى. ــ ئانا، قاراڭ! ــ دىدى لوۋا ئورە قوپۇپ، ـ بىرسى كېلىۋاتىدۇ! رايونغا بارىدىغان چىغىر يولىدىن بىر ئاتلىق چىپىپ كەلدى. يېقىنلاشتى. ئۇ ئاتلىق كادىر كىيىمى كەيگەن بىر كىشى ئىدى. ئۇ، كەنتتە توختىماستىن:

ــ خالايىق، ئاڭلاڭلار! رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ جىددىي ئۇختۇرۇشى: ئەرتە بەيگە قىلمايدىغان بولدۇق!... ـ دەپ ۋاقىرىغىنىچە كېتىۋەدى.

ــ نىمە؟ ــ لوۋا ۋاقىراپ شۇتىدىن چۈشۈپ، قاشانىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ، ھېلىقى كادىردىن سورىدى، ــ نىمىشكە؟

ئەمما ھېلىقى كادىر بىر دەمدىلا لىنلان كەنتىنىڭ يولىغا چۈشۈپ، كوزدىن غايىپ بولدى، كەنتتە پەقەت ئۇنىڭ:

ــ ... بەيگە قىلمايدىغان بولدۇق! قىلمايدىغان ... ــ دىگەن سوزىلا قالدى.

ــ نىمە گەپ؟ ــ كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دىگە

لەك هاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى.

ئېتتغا بۇغۇز بېرىۋاتقان ئافى بىرخالتا ئارپىنىڭ يېرىمە ـ نى ئوقۇرغا توكۇپ تۇراتتى، ئۇ بەيگە قىلمايدىغان بولدۇق، دىگەن سوزنى ئاڭلاپلا، خالتىنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ خاپە ـ لىقتا بىر تىنىپ ئالدى:

ـــ كارامىتىمنى كورسۇتۇمەن دەپ تۇرسام، چاتاق چىققىنى ـ نى قارا. ئەستەغپىرۇللا!

ـــ بۇ نىمە گەپتۇ؟ ـــ سىناكىپەككەمىلەنگەن ئوك قولىبىلەن ئەينەكتەك بېشىنىڭ گەژگىسى تەرەپتىكى ئازغىنە چېچىنى سىلاپ، هاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

ـــ لوۋا! ـــ دىدى ئانا قىزىنىڭ چاچ بوغىچىنى تۇتقان هالدا چۇشۇپ، ـــ بىر تاللا قالغان ئىدى، شۇنى ئورنىۋېتەي...

ـــ ياق، ئانا! ـــ لوۋا خۇددى نوختا كېيىشتىن قورققان مۇزايدەك، ئانىسىدىن ژىراق قاچتى. ئۇ، بەيگىنىڭ ئۇشـ تۇمتۇت ئوتكۇزۇلمەس بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەنمىدى. لېكىن ئۇنىڭ سەۋىۋىنى بىلمىگەنلىگى ئۇچۇن، ئېتتغا مىنىپ بېرىپ، ئاۋادىن سوراپ باققىسى كەلدى.

كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسى هەيران بولۇشۇپ، سىنا ـ نىڭ قاشاسى تېشىدىكى يولغا كېلىپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كوـ تەردى:

ـــ بۇ قىزىق گەپ بولدىغۇ، بەيگە ـــ بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ

قايىلدىسى. ژىلدا بىر نۆۋەت...

— نېمىشكە بەيگە قىلدۇرغىلى قويمايدىكەن؟

— بوپتۇ، ئۇخلاڭلار. بەيگە بولمىسا، ئۇيقۇمىزنى بول-
سىمۇ ئوبدانراق ئۇخلايلى...

— خەلق ھوكۇمىتى ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىمايدىكەن؟

— ھوكۇمەت بىزنىڭ ئورپ-ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتمەسە
بولاتتى!

— ئىسىت، بىر ئاي ئاۋارە بولۇپ، ئېتىمنى سەمرىت-
كىنىم...

— ھە...ي! چۈشۈنەلمىدىم جۇمۇ!

— ئاكىلار!— لوۋا بىر ئاز ئەيمىنىپ تۇرۇپ — ئا-
دەم ئېۋەتىپ كەنت باشلىقىدىن سوراپ باقمايمىزمۇ؟

— كىم بارسۇن؟ قارارنى چىقىرىپ بوپتۇ، ئەندى سورىغان-
نىڭ نېمە پايدىسى!— سىنا قولىنى ھاۋادا ئوينۇتۇپ سوز-
لىدى،— ئۇخلاڭلار، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلغاننىڭ پايدىسى يوق.
كىشىلەر ئاستا بىر-بىردىن قايتىشتى. سىنا شۇتا يېنىغا كېلىپ،
قاشاغا يۆلۈنۈپ تۇرغان لوۋاغا:

— لوۋا! قايتىپ كىرىپ ئۇخلا!— دېدى.

—...— لوۋا جاۋاپ قايتۇرمىدى. تۈن شامىلى ئۇنىڭ ئورد-
مە چاچلىرىنى ئۇچۇرتۇپ تۇراتتى...

— ئاۋارە بولما!— دەپ سىنا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

لوۋا قاشا يېنىدا يالغۇز خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى:
بەيگە قىلىمىز دەپ، پۈتۈن يايلاقتىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە
ئادەم بىر ئاي ئالدىراشتى؛ بۇ نوۋەتتىكى بەيگە ئۆتكەن ژىل-
لاردىكىگە ئوخشمايتتى؛ ئۆتكەن ژىل يازدا ئادەم ۋە ئاتلار
ئەندىلەتتىن ھۇشىغا كەلگەن ئىدى، بۇ ژىل يازدا ئادەملەرگە
ماغدىر كىرىپ، ئاتلارمۇ سەمىرىپ قالغان. بۇلتۇرقىشتا ئادەم ۋە
ئاتلار زىيانغا ئۇچراپ، خەلق ھوكۇمىتىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن
ئوت ـ بوغۇز تەييارلىغان ئىدى، ئاشلىقى يېتىشمىگەنلەرگە ھو-
كۇمەت ياردەم بەرگەن ئىدى، شۇڭا بۇ ژىل قىش كىشىلەرگە
ئانچە ئۇزۇن ھەم سوۋۇق بىلىنمىدى. ئاۋامۇ خەلقىقە «بۇ
ژىلقى بەيگە ئىشلەپچىقىرىش مۇۋەپپىقىيەتلىرىمىزنىڭ بەيگىسى
بولۇدۇ» دىگەن ئىدىغۇ، نىمىشكە يەنە ئۇشتۇمتۇت ئۆتكەزمەس
بولۇپ قالغاندۇ؟ ھېلىقى جاكاچى كادىر نىمىشكە سوزنى ئۇخ-
تۇرماستىنلا، ئېتىنى چېپىپ كېتىپ قالىدۇ؟ ئۇنىڭ رەڭگى-
روھىنىمۇ ئوبدان اق كورگىلى بولمىدا... لوۋا خىيال سۈرۈپ
ئوز ـ ئوزىگە:

«مەن ئاۋادىن سوراپ كېلىمەن! بۇنى ئېنىق چۈشەنمەي
بولمايدۇ!...» ـــ دىدى.

ئۇ، ئاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، تامدىكى تەييار ئېگەرنى ئېلىپ،
ئاستىلاپ توقىدى. ئات بەيگىگە چىقسام كېرەك، دەپ ئويلى-
دىمۇ، خوشاللىقىدىن كىشنەپ سېلىپ، بۇرنىغا لوۋادىن بىر

كاچات يەپ، چۇشكۇرۇۋەتتى.

لوۋا ئاتنى يېتىلەپ چىقىپ، قاشانىڭ ئىشىگىنى ئاچقاندا، ئالدىدا تۇرغان بىر كىشىنى كورۇپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى، كېيىن سىنچىلاپ قارىسا، ئۇ ئافى ئىكەن.

— نەگە بارىسىز؟ —دەپ سورىدى ئافى ھەسىرەپ تۇرۇپ.

— كارىڭ نىمە!

— لوۋا، راستىمىزنى ئېيتىڭ، ماڭا كويەمسىز...؟

— ياق!

— ئويلاپ بېقىڭ، بىزقىدىناز خوشنا. كىچىكىمىزدىن بىللە ئوسكەنلىگىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئون ياش ۋاختىمىزدا سىز كېلىنچەك بولۇپ، مەن ژەڭىت بولۇپ ئوينايتتۇقمۇ!

— ھازىرسەن ئوزگۇرۇپ كەتتىڭ، ئافى!

— مەنما؟ ياق، ئوزگەرمىدىم...

— سەن ئوزەڭنىلا بىلىدىغان كىشى بولۇپ قالدىڭ!

— ياق، مەن سىزنى ياخشى كورۇمەن!

— ياخشى كورۇدىغانلىغىڭنى بىلەلمىدىم!

— بىلەلمىدىم؟ —ئافى ھەيران بولۇپ سوزلىدى، —ھەر كۇنى قاشانىڭ نىرىسىدا تۇرۇپ ناخشا ئېيتىمەن، سىزگە ھەر كۇنى پاراڭ قىلىپ بېرىمەن، سىزنى سېغىنىمەن، بىردەم كور-مەي قالسام، بىارام بولۇپ كېتىمەن. شۇلاردىنمۇ بىلمەمسىز؟

— ياق، زادىلا بىلەلمىدىم. ئەگەر مېنى بىلسۇن دىسەڭ، يولومنى توسما، ئىشىم بار!

— سىز!...سىز ئاۋانىڭ يېنىغا بارامسىز؟

— ھەئە! —دىدى لوۋا، —ئافى، مەن ئۇنىڭدىن بەيگىنى ئۇتكۇزىمىزمۇ، يوقمۇ، دەپ سورىغىلى بارىمەن.

— يالغان ئېيتىۋاتىسىز. ئۇنىڭ بىلەن خۇسۇسىي پاراڭ قىلىغىلى بارىسىز.

— يالغان ئەمەس! —لوۋا ئۇنى ئىتتەردى، —نېرى تۇر، يول بەر!

— ياق، بارمايسىز!

ئافى ھاياجانلىنىپ لوۋانىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ تۇرۇۋالغاندا، ژىراقتىن ئاتنىڭ تاقىلداپ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئافى چۇلۋۇرنى قويۇۋەتتى.

ئات «تاق ـ تاق، تاق ـ تاق...» قىلىپ ئاستا كېلىۋاتاتتى، بىر ئەر كىشىنىڭ لەيزان ئېيتقان غەزىلىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇ غەزەل ئاۋازى جىمجىت تۇندە پەرۋاز قىلىپ، كىشىنىڭ ژۇرىگىگە مۇڭلۇق تەسىر قىلاتتى:

ئېبي بۇلۇت، بۇلۇت!
ئاستا ئۇتسەن، قارلىق تاغ يېنىدىن،
ئېبي بۇلۇت!
ئۇمىت ئۇزەلمەيسەن؛ لېكىن ئۇنىڭدىن؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن چۈشۈرۈلدى www.uyghurkitap.com

قارلىق تاغ ھوسنىگە خۇشتار بولساڭ،
نىمىشكە قورقۇسەن ئۇنىڭ قەددىدىن!

لوۋا بۇ ئاۋازدىن ۋە ناخشىنىڭ مەنىسىدىن ئۇنى كىم ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئالالايتتى. ئۇ، خوشال بولدى ۋە ئافىغا:

— كەنت باشلىقى كېلىۋاتىدۇ! — دىدى.

— سىزنى ئىزدەپ كەلگەندۇ!

— ياق، رايوندىن ئويگە قايتىشتا بىزنىڭ كەنتتىن ئوتىدۇ...

قول چىرىغىنىڭ نۇرى لوۋانىڭ دېرىزىسىگە چۈشۈپ، ئۇيان - بۇيان يوتكەلدى...

— كەنت باشلىقى! — دەپ ئۇنلۇك ۋاقىردى ئافى، — نىشانىنى تاپالماي قالدىڭىز! مانا مايەرگە يورۇتۇڭ!

— كىم بۇ؟ — ئاۋاز ئېيتىنى ئىلدامىلىتىپ يېتىپ كېلىپ، ئافىنى تونۇدى:

— ئافى، تېخى ئۇخلۇمىدىڭمۇ؟ ۋاي، لوۋامۇ بۇ يەردىكەنغۇ. ئەرتە بەيگىگە چۇشەمسىز؟ كېچىچە تەييارلىق كورۇمەن دەپ، ئاتنى ھاردۇرۇپ قويسىڭىز، ئەرتە ژۇگۇرالماي قالمىسۇن.

— ئەرتە بەيگە بولامدۇ؟ لوۋا ۋاقىرىۋەتتى، — شۇ توغرىدا سىزنىڭ يېنىڭىزغا بېرىشقا يولغا چىقىۋاتاتتىم!

— بۇ نېمىگەپ؟

— بۇ نېمىگەپ؟ — ئافى ئاۋانىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىنى، — سىلەر، كادىرلار ئۆزەڭلەر بىلگەنچە قارارچىقارساڭلار بولامدۇ، سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟

— ياق!

لوۋا باياتىن بىر كىشىنىڭ ئات ژۇگۇرتۇپ جاكا قىلىپ كەتكەنلىگىنى ئاۋاغا سوزلەپ بەردى.

— يوق گەپ! — دىدى ئاۋا ۋەقەنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — هازىر مېنىڭ مەجلىسنى تۇگۇتۇپ كېلىشىم. رايون باشلىقى ئەرتە بولۇدىغان بەيگىنى دەپ بىر كۆڭلۇك ئۇيىقىسىدىنمۇ قالدى. هوكۇمەت بۇ نوۋەتتىكى بەيگە مۇناسىۋتى بىلەن ئات بېقىش، ئات تەربىيلەش ۋە ئات يېتىشتۇرۇش... ئىشلىرىنى تەشۋىق قىلماقچى. نېمىشكە ئوتكەزمەيدىكەن؟ هوكۇمەت ئاممە بىلەن مەسلىهەتلەشمەيلا ئۇنداق قارار چىقارمايدۇ. بۇ هەر قاچان بۇزغۇنچىلارنىڭ ئىشى!

— بۇزغۇنچى؟ — سىنا چوڭ چاپىنىنى يېپىنچاقلاشقىمۇ ئېتىۋار بەرمەستىن، ئىككى ئۇزۇن يېڭىنى قاناتتەك لەپىلدىتىپ، ئويدىن ژۇگۇرۇپ چىقىپ، ئاۋانىڭ ئالدىغا كەلدى، — هوكۇمەت زادى قانداق قارار قىلدى، بەيگە بولامدۇ، يوقمۇ؟

— هوكۇمەتنىڭ قارارى خەلقنىڭ ئادىتى بويىچە بولدى.

— ئۇنداق بولسا...

— مانا كورۈك! ئاۋا يانچۇغىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ سىناغە ئۇزاتتى، — مانا، ھوكۇمەتنىڭ ئۇختۇرۇشى...

سىنا ئاۋا قول چىرىغىنىڭ يورىغى بىلەن ئۇختۇرۇشنى ئوقۇغاندىن كېيىن:

— توغرا! رايون باشلىغىنىڭ ئىمزاسى بار ئىكەن! — دەپ قەغەزنى ئاۋاغا بېرىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، كەنتكە قاراپ ۋاقىردى:

— خالايىق! بەيگە بولۇدىغان بوپتۇ! باياتتىن بۇزغۇنچىلار پىتنە تاراتقان ئىكەن! ھەممەڭلەر قوپۇڭلار، ئاتلىرىڭلارنى توپدۇرۇپ، ئەرتە بەيگىگە تەييارلىنىڭلار!

— ياق، سىنا ئاكا! — دېدى ئاۋا ۋە قولىنى كارناي قىلىپ ۋاقىردى، — قېرىنداشلار! ئاتلىرىڭلارنى توقۇڭلار، بۇزغۇنچىنى قوغلايمىز! — ئۇ يەنە لوۋاغا قاردى، — لوۋا، ئېتىڭىزغا مىنىڭ، چېپىڭ! — ئۇ لوۋاغا خۇددى ئاتلىق پارتىزانلار ئىچىدە كوماندىر ئوتدېلىنىيە بولغان ۋاختىدا جەڭچىلەرگە بۇيرۇق قىلغاندەك، بۇيرۇق قىلدى.

لوۋا بوز ئېتىغا مىندى.

ئاۋانىڭ «ئۇررا!» دەپ ۋاقىرىشى بىلەن ئېتى خۇددى ئوقتەك ئېتىلىپ ماڭدى. لوۋانىڭ ئېتىمۇ قاشادىن سەكرەپ ئوتۇپ، ئارقىسىدىن چاپتى. ئۇنىڭ: «ھەممەڭلەر قوغلاڭلار! بۇزغۇنچىنى تۇتۇمىز!» دەپ ۋاقىرىغان ئاۋازى يىراقتىن

ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

—هوي لوۋا!—ئانا تۇگمىلىرىنى ئىتتۇ يتىپ ۋاقىرىدى،— يەنە بىر ئورۇم چېچەكنىڭ ئورۇكسىز قالدى!

— ئافى!—دىدى سىنا تۇرغان جايىدىن تەۋرىمەي تۇرغان ئافىغا قاراپ،—ئېتىگىنى مىنىپ چىقىپ قوغلىماي نىمە قىلىپ تۇرۇسەن!

— هازىر، هازىر ماڭىمەن!—ئافى خوشاللىغىدا قاشادىن سەكرەپ ئوتتۇپ كەتتى. ئۇ: مەن قوغلىمايمەن! ئەگەر ئېتىم بۇگۇن هېرىپ قالسا، ئەرتە ئالتۇن مېدال ئالالماي قالىمەن، نېتىجىدە لوۋا مېنى ياراتماي قويۇدۇ... دەپ ئويلايتتى.

كەنتتىكى ژىگىتلەرنىڭ هەممىسى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، سىنانىڭ ئالدىدىن ئوتكىلى تۇردى.

— تۇتماي قويماڭلار! باللىرىم—دەپ ۋاقىرايتتى سىنا.

— سىنا ئاغا! سىز نىمىشكە ماڭمايسىز؟

— ئېتىمنى قىزىم مىنىپ كەتتى!—سىنا بەس-بەسلەن ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ قالدى. شۇ چاغدا يول تۇتەك دەرياسىغا ئايلانغان ئىدى. سىنا گەژگىسىدىكى ئازغىنە چېچىنى سىلاپ تۇرۇپ ئوز-ئوزىگە سوزلىدى:

«هەقىقىي بەيگە دىگەن مانا مۇشۇ!»

★ ★ ★

ئاۋا بىلەن لوۋا ۋە بىر مۇنچە ئاتلىقلار لىنلان كەنتىگە
كىلىپ، ھەممە ئادەمنى ئويغۇتۇپ «بەيگە بولمايدىغان بولدى»
دىگەن سوزنىڭ پىتنە ئېكەنلىگىنى ئۇختۇردى. لىنلان كەنتى-
دىكى كىشىلەر بوسوزنى ئاڭلاپ، ئاتلىرىنى توقۇپ، ئاۋا بىلەن
بىللە گالى كەنتىگە قاراپ قوغلاپ ماڭدى. بۇلار گالى كەن-
تىگە يىتىپ كەلگەندە، بۇ يەردىكى ياشلار ئالدىرىغىنىدىن
ئاتلىرىغا ياۋاداق مىنىشىپ، ئاۋالار بىلەن بىرلىكتە لەنكا كول-
گە قاراپ ماڭدى. بۇلار كولنى ئايلىنىپ، كول بويىدىكى ھەر
بىر كەنتكە پىتنىنى ئۇختۇردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق يىزىلار-
نىڭ ياشلىرى قوزغالدى... بارا - بارا ئاۋا بىلەن لوۋانىڭ ئار-
قىسىدا ھىساپسىز ئاتلىقلار ئەتىرىدى بارلىققا كەلدى. ھىلىقى
مۇناپىقنىڭ ئىتى ھەقىقەتەن ئۇچار بولسا كىرەك، 10 نەچچە
كەنتتىن ئوتكىچىمۇ ئۇنىڭ قارىسى كورۇنمىدى...

* * *

تىكۇچى لىچى بۇندىن 8 ژىل ئىلگىرى بۇ يايلاققا كو-
چۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئوزى بىلەن بىللە بىر ماشىنا ئىلىپ
كەلگەن ئىدى. تىبەت كىشىلىرى بۇ ماشىنا بىلەن كارامەت
قىلغاندەك ئاز ۋاختتىلا بىرەر قۇركىيىم تىكىۋاتقان لىچىنى كو-
رۇپ، ئۇنى ھورمەت قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ، تورت
خىل مىللەتنىڭ تىلىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ تىككۇچىلىك دۇكىنى

يايلاقتا پەقەت يەككە ـ يىگانە بولغاشقا، ئوقتى ناھايىتى ئىپـ
قىپ، كوپ پۇل تاپقان ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن رايونـلۇق
خەلق ھوكۇمىتى تىككۇچىلىك كوئوپېراتىۋى تەشكىل قىلىپ،
ئۇن ئىككى ماشىنىنى ئىشقا سالدى. شۇنىڭ بىلەن تىككۇچىلىك
ماشىنىسى كارامەت نەرسە بولۇپ تونۇلۇەمدى. شۇندىن باشـ
لاپ لىچىنىڭ ئوقتىمۇ ۋە يايلاقتىكى ئابروييمۇ چۇشۇپ كەتـ
تى. چۇنكى ئۇنىڭ ھۇنەرگە ئانچە ئۇستا ئەمەسلىگى ھەممىگە
مەلۇم بولۇپ قالدى. ھازىر تىبەت قىزلىرىنىڭ ھەممىسى دىگـ
ىدەك ماشىنىدا كىيىم تىكەلەيدىغان بولدى. شۇڭا كىشلەر ئىش
ھەققىنى كوئوپېراتىۋتىن بىر ھەسسە قىممەت ئالىدىغان لىچىنىڭ
ئالدىغا ئىش كوتۇرۇپ بارماس بولۇپ قالغان ئىـدى. بۇندىن
ئۇچ كۇن ئىلگىرى بىر كونترابانت گەزمالچى سودىگەر ئۇنىڭ
ئويىگە كېلىپ چۇشتى. بۇلار خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا بېرىشـ
كېلىش قىلىشاتتى. سودىگەر لىچىنگە: بىر قۇر كادىر كىيىمى
تىكىپ، ئۇنى ئوزەڭ كىيىپ، بەيگە ھارپىسىدا ژۇگورۇك ئاتـ
قا مىنىپ، «بەيگە بولمايدىغان بولدى!» دەپ سوز تاراتساڭ،
ئىككى مىللىون دوللار پۇل بېرىمەن، ئۇنىڭ ئۇسـتىگە كىيىم
ئوزەڭگە قالىدۇ، شۇنداق قىلساق، «رايونلۇق خەلق ھوكۇـ
مىتى بەيگە بولۇدىغان كۇنى رەسۋا بولۇدۇ، خەلق بىلەن خەلق
ھوكۇمىتى توقۇنۇشۇدۇ، پۇقرالار ھوكۇمەتـكە نارازى بولۇدۇ،
ھوكۇمەت ۋەقەنى بىلەلمەي، خەلققە جاۋاپ بېرەلمەيدۇ، قىسـ

قسى، ئۇلار (رايونلۇق خەلق هوكۇمتى)نىڭ بېشى قىيىپ كەتسۇن، دىگەن ئىدى. لىچى بۇنى ئاسان سودا ئېكەن دەپ، سودىگەرنىڭ سوزىگە ماقۇل بولغان ئىدى. ئۇ، بىرىنچىدىن، كىيىمنى تىكىش ئوز هۇنرىم، بىر ئاخشامدىلا تەييار قىلىمەن، ئىككىنچىدىن، ژۇگۇرۇك ئات بىلەن چىقسام، پۇتۇن يايلاق-نى بىر كېچىدىلا كېزىپ چىقىمەن، ئۇچىنچىدىن، هەر خىل تىللارنى بىلىمەن، ئاي قاراڭغۇسىدا كىم مېنىڭ تىككۇچى ئې-كەنلىگىمنى پەرق قىلالىسۇن، ئىككى مىلىون دوللار پۇل ئازگەپمۇ، 3 ئاي ئىشلىسەمۇ ئىككى مىلىون دوللار تاپال-مايمەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوقىتىمنى كوئوپىراتىۋ تارتىپ كەتتى، دەپ ئويلىدى.

لىچى ئوز پلانى بويىچە مېڭىپ، ئاخىرقى كەنتكە يەت-كەندە، تاڭ ئېتىشقا، ئىككى مىلىون دوللار پۇل قولىغا كىرىشكە ئاز قالغان ئىدى. ئۇ، بىر ئوستەڭدىن ئېتىنى سەك-رىتىپ ئوتۇپ، بىر ئورمانلىققا كىرىپ، كىيىملىرىنى يەڭگۇش-لەش خىيالىغا كېلىپ تۇرغاندا، ئارقا تەرىپىدىن كىشلەر-نىڭ سالغان چۇقانلىرى، ئات تۇۋاقلىرىنىڭ دۇپۇرلىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئىش بولمىدى، دەپ تىترەپ كەتتى ۋە ئوتىڭى بىلەن ئېتىنى بولىشىغا بىقىنداپ، بىر دوڭگە قاراپ چاپتى. ئۇئەسلىدە دوڭنى ئايلىنىپ، ئارقى-سىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنى ئېزىقتۇرىۋەتمەكچى ئىدى.

— ئۇررا!...

— چېپىڭلار!

— ھۇش - ش - ش...!

— تۇتۇڭلار!

— قاچۇرۇۋەتمەڭلەر!

چۇقان، ھۇشقۇيتۇش ئاۋازلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى.

ئاتلار خۇددى بوراندەك چېپىشىپ كەلمەكتە، بۇ ئىچى غەزەپ ئوتى بىلەن تولغان ژىگىتلەر، قۇرساقلىرى بۇغۇز بىلەن، چاي بىلەن تولدۇرۇلغان ئاتلار بەس - بەس بىلەن چېپىشماقتا... بۇلار قاچقۇننىڭ قارىسىنى كورگەندە، قامچىلار ھاۋادا ئېخىمۇغۇيۇلداشقا باشلىدى.

— تارقىلىڭلار، قورشايمىز! — ئاۋا خۇددى ئوز ۋاختىدا جىياڭكەيشى باندىتلىرى بىلەن ئۇرۇشقاندا بۇيرۇق چۇشۇرگەندەك بۇيرۇق قىلدى.

ئاتلىقلار تارقىلىپ، خۇددى يا ئېلىپ چىققان تاشقىن سۇدەك، بىردەمدىلا يايلاقنى قاپلاپ كەتتى. ئارقىسىغا قارىغان لىچىننىڭ قولى قېتىپ قالدى، ئاستىدىكى ئاتمۇ ئۇركۇپ كىشنەپ - سەكرەپ لىچىننى ژىقىتىۋەتتى، لېكىن لىچىننىڭ ئوتىگى ئوزەڭگىگە ئىلىنىپ قالدى. ئۇ ئاتنىڭ يايلى بىلەن ئېيىلىنى مەككەم تۇتۇۋالدى. ھازىر ئۇ قورقىنىدىن ئىككى مىللىون پۇلنىمۇ ئۇنۇتۇپ، تەغدىرىنى مۇشۇ ئۇركىگەن

www.uyghurkitap.com

ئات بىلەن قېتىپ قالغان ئىككى قولىغا تاپشۇردى.

لوۋانىڭ ئېتىنىڭ ئالدى پۇتى تۇيۇقسىزلا مۇدۇرلۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئات بېشىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئاۋا دەرھال لوۋانىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بوز ئېتىنى بىر تارتىپلا قوپۇرىۋەتتى.

— قېرى ئېتىڭىزنىڭ ئىشى بولمىدى، كېلىڭ، ئىككىمىز بىر ئاتقا مىنگىشەيلى. — دېدى ئاۋا.

— بولىدۇ! — لوۋا سۆزلەۋېتىپلا ئاۋانىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتى... بوز ئات ھەممىنىڭ كەينىدىن ئاقساپ ماڭدى.

ئاتلىقلار تىككۈچىنىڭ ھېلىقى ئۇركۈپ كەتكەن ئېتىنى قورشاپ ئالغاندا، يايلاقنىڭ ژۇقۇرى تەرىپىدىكى قارلىق تاغدىن كۈن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئىدى، تىككۈچى لىچىنىڭ رەڭگى-روييىدا قان دىدارى قالمىغان ئىدى. ئۇ مۇشۇ يۈزدىن ئارتۇق قامچا ئالدىدا ئۆز خوجايىنىنى ئىقرار قىلدى.

شەك يوقكى، ھېلىقى ئىككى مىلىيون دوللار دەسمايە بىلەن ھېساپسىز پايدا ئېلىشقا تەۋەككەل قىلغان «سودىگەر»مۇ قولىغا چۈشتى.

بەيگە ئادەتتىكىچە ئۆتكۈزۈلدى. يېشىل كىمخاپقا ئوخشىغان يايلاقتا قىزىل بايراقلار لەپىلدىمەكتە، خۇشال ئاۋازلار ياڭرىماقتا. ئافى ئات ئۈستىدە مەغرۇرلۇق بىلەن ھۈنىرىنى كۆرسەتمەكتە. ئافى ئاۋانىڭ ئېتى ھېرىپ قالدى، ئەندى

بەيگەندە ئۆزەم ئۇتۇپ چىققىنىغان بولدۇم، مەيداندا مەن بىلەن مۇسابىقىلىشەلىگىدەك ئادەم يوق، دەپ ئويلايتتى. ئافى كىشىلەرنىڭ چاۋاك ئاۋازلىرى ۋە بارىكاللىلىرى ئىچىدە ئۇزۇن تۇۋار يەكگىلىرىنى پۇلاكىلىتىپ، يەردىن ئالغان ئون نەچچە قىزىل بايراقچىنى ئىگىز كوتۇرۇپ، كىشىلەر ئالدىدا ئىپتىنى ھايداپ كورە گىلمەكتە.

شۇ چاغدا ئاۋا بىلەن لوۋا تاماشا كورگۇچىلەر قاتارىدا ئولتۇرغان ئىدى. لوۋا باشىقىلارغا قوشۇلۇپ كۇلۇشۇپ ۋاقىرىدى:

— يارايسەن ئافى!

— لوۋا! — دىدى ئاۋا تېچىسىزلىنىپ، — مەن قايتىمەن. ھېرىپ كەتتىم...

— ياق، ئاۋا! يائاللا ئاۋا، ئولتۇرىسىگا، ئەندى يادىمغا كەلدى. بېشىمدا يەنە بىر تال چېچىم ئورۇكسىز قالغان ئىدى. شۇنى ئورۇشۇپ بېرىڭا!

— ماقۇل، — ئاۋا دەرھال ئوزىنىڭ قالپىغىدىن بىر تال قىزىل مەشۇت ژىپىنى سوغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ ھېلىقى ئورۇكسىز قالغان چېچىنى ئەپلەپ ئورۇپ، باغلاپ قويدى.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ باشلىرىنى ئارىلاپ كوز سېلىپ ئولتۇرغان لوۋانىڭ ئانىسى ئاۋانىڭ قىزىنىڭ چېچىنى ئورۇپ قويىغانلىغىنى كورۇپ مۇرىسى بىلەن سىناغا ئىشارەت قىلدى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككويلەن ئەھۋالنى كوروۇپ، پىسكىلاپ كۈلۈشۈپ قويدى.

لوۋانىڭ ئاۋا بىلەن بىللە ئولتۇرغانلىغىنى كورگەن ئافمو بىر ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىپ:

ـــ نىتىجىدە يەنە مىنى يارانمايدىكەن! ـــ دەپ، ئاتتىن چۈشۈپ كەتتى.

ھەممىنىڭ ئىززەت ـ ھورمىتىگە ئىگە بولغان پىشقەدەم رايون باشلىغى ئۆزۈپ چىققانلارنىڭ ئىسىملىگىنى ئوقدى.

1 ـ موكاپاتقا ئىگە بولغۇچىلار ئىككى كىشى: ئاۋادىنجۇ! ئاۋادىنجۇ! ـــ ئۇمۇلايىم ئاۋازى بىلەن تەكرار ـ تەكرار ئوقىدى، ـــ لوۋا! لوۋا! ھەر بىرسىگە بىردىن ئالتۇن مىدال! ئاتلىرىغا بىردىن ئىگەر!

مەيداندا گۇلدۇراس ئالقىش كوتۇرۇلدى. ئاۋا بىلەن لوۋانىڭ بەيگىگە قاتناشمىغانلىغىنى ھەممە كىشى بىلىسمۇ، لىكىن ئۇلارنىڭ موكاپاتقا ئىگە بولغانلىغىغا قىلچە ھەيران بولمىدى؛ ھەتتا ئافمو تەستىقلاپ ئىككى قولىنى كوتۇرۇشكە مەجبۇر بولدى.

1954 ـ ژىلى 10 ـ ئاۋغۇست كۆكمەن.

# ئوۋچى قىزى

## I

ژىراق بىر پايناپ جايدىكى تاغ باغرىدا، قېرى ئوۋچى پىنسو ۋە ئۇنىڭ قىزى رۇيلى ياشايتتى. ئۇلار بۇ يەردە كىشىلەرنى ئاز ئۇچرۇتۇش بىلەن زېرىكىپ قالمايتتى. ئۇلارنىڭ ئويىدە ئورۇقمۇ ئەمەس، سىمىزمۇ ئەمەس بىر ئات ۋە بىرناھە-يىتى ئالمان ئوۋ ئىشتى بار ئىدى.

يازنىڭ يېڭى باشلانغان ۋاختى. نۇرغۇن كاككۇكلار ئۇ-لارنىڭ كىگىز ئويىنىڭ ئەتراپىدىكى قېيىن ئورمانلىقى ئىچىدە سايرىماقتا، لېكىن كاككۇكلارنىڭ ئوزىنى كورگىلى بولمايت-تى، خۇددى گۇل - چېچەكلەر سايرىشىۋاتقاندەك تۇراتتى. ئورمانلىق بويىدىكى تىنىق كولگە چۇشۇپ تۇرغان قارلىق تاغنىڭ سايىسى كىشىنىڭ كوزىگە خۇددى بۇ تاغ كولدە ئەمەس، ئاسماندا تۇرغاندەك كورۇنەتتى. كولدە نۇرغۇن ياۋا ئوردەكلەر غاقىلداپ بىر - بىرىنى قوغلاشماقتا. نۇرغۇن قاغا-قۇزغۇنلار ئوۋچىغا مېھمان بولۇپ، ئاق ئويى ئەتراپىغا كېلىپ

ئۇنى ــ بۇنى ئىزدەپ تېپىپ يەيتتى.

پىنسو يەككە ــ يىگانە قىزنىي ئۆز قولى بىلەن ئارزۇلاپ چوڭ قىلدى. بۇنى چوڭ قىلىش پىنسو ئۈچۈن بەركەك غاز ئۆز باللىرىنى چوڭ قىلغاندىنمۇ تەس بولدى. ئۇ، ئوۋغا چىقسا، قىزنىي ھىمىشە ئېتىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ ئالاتتى. ئازاتلىقتىن كېيىنكى بىر نەچچە ژىلىدىن بۇيان بۇ قاقاس ساي تېچلىنىپ قالدى. چۈنكى بۇ يەردە ئوۋ قىلىدىغان جىياڭ كەيشى باندىتلىرى يوقالغان ئىدى. ئۇلار ئۆز ۋاختىدا نەدە ئوۋ قىلسۇن! ئۇلار ئوۋچىلار چۈشۈرگەن نەرسىلەرنى بۇلاپ ئېلىپ، ئوزەم چۈشۈرگەن دەۋالاتتى. رۇيلى ئەنە شۇ تېچ سايدا خۇددى بىر قىزىل گۈلدەك بولۇپ ئوستى. براق ئۇنى كورگىلى كېلىدىغان كىشىلەر ھەتتا يوق دىگۈدەك ئىدى. بۇمۇ پىنسونى قايغۇغا چۈشۈرۈدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. قايسى تەرەپتىن ئويلىمىسۇن، قىزغا بىرلا يىق تېپىش جىددىي ئىشلاردىن بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى دادا، قىز ئىككويلەن مۇنداق بىر ۋەقەگە ئۇچرىدى:

كۈن شەرقتىن ئەندىلەتىن ئۆزىنىڭ نۇرىنى چېچىپ چىقىۋاتاتتى. رۇيلى دادىسى پىنسو بىلەن ئورمانلىقتا ئېيىقنىڭ ئىزىنى ئەگىشىپ ماڭماقتا. نەم توپىدا ئېيىقنىڭ يوغان ــ يوغان ئىزلىرى قالغان ئىدى. پىنسو مىلتىقنى تۇتۇپ ئوملەپ

ماگماقتا. رۇيلى بىر تۇپ قىيىنغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، مۇھەببەتـ
چان كوزى بىلەن ئالدى تەرەپكە نەزەر سالماقتا. ئۇ بىردىنلا
بىر كولچەك يېنىدا كىچىك بالىغا ئوخشاش ئىككى كىچىك
ئېيىقنىڭ خۇددى ئورۇشقاندەك چېلىشىپ، كولچەكنىڭ سۇ-
يىگە مىلىنىپ تۇرغانلىغىنى كوردى.

ــ قاراڭ دادا، ــ دېدى رۇيلى پىنسونىڭ يەلكىسىگە
ئۇرۇپ.

ــ كوردۇم!

ــ ئىككىمىز تەڭلا ئاتايلى!

ــ يەنە بىر ئاز يېقىنلىشايلى...

پىنسو بىلەن رۇيلى پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، بىر نەچچە
قەدەم ئالدىغا يوتكۈلۈپ، ھېلىقى قارا باسقان بىر جۇپ كىچىك
ئېيىقنى قارىغا ئالدى.

ــ بىر، ئىككى، ئات! ــ دېدى پىنسو پەس ئاۋاز بىلەن.

«پاڭ!» ــ ئىككى مىلتىق ئوخشاشلا ئېتىلدى، ھېلىقى بىر
جۇپ ئېيىقمۇ ئاۋاز بىلەن تەڭلا ژىقىلدى... ئوۋ ئىشتى پىنسو-
نىڭ يېنىدا خوشاللىق بىلەن بېشىنى كوتۇرۇپ، تىلىنى چى-
قىرىپ ئويناقلىدى.

ــ ھا ـ ھا ـ ھا!... ــ رۇيلىنىڭ كۇلكە ئاۋازى ئورمانىنى
بىر ئالدى. ئۇ، خۇددى ئاق قۇشقاچتەك سەكرەپ كولچەك
بويىغا كەلدى...

«ۋاي !...» پىنسو چوچۇپ، بىردىنلا ۋاقىرىۋەتتى. بىر قىرى چىشى ئېيىق ئالدى قولىنى پىنسونىڭ يەلكىسىگە ئارتىۋالغان ئىدى، ئېيىقنىڭ ئاغزىدىن بەدبوي بىر ھىد چىقىپ تۇراتتى. پىنسو كونا ئوۋچىلىق تەجرىبىسى بىلەن ئۆزىنى توختۇتۇپ ئېلىپ، شاقىلدا ئورۇلۇپ، ئېيىقنىڭ بوينىنى بېشى بىلەن تىرەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ئېيىق كۈچلۈك ئىدى، ئۇ پىنسونى خۇددى بىر قورام تاشتەك بېسىۋالدى... ئوۋ ئىشتى قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەندەك، ياندا تۇرۇپ قاۋىماقتا.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان رۇيلى ئارقىسىغا قاراپ، دادىسىنىڭ ئېيىق بىلەن تۇتۇشۇپ قالغانلىقىنى كوردىدە، «ۋاي دادا!» دەپ ۋاقىراپلا پىچىقىنى قولىغا ئېلىپ ژۈگۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى. شۇ ھالەتتە بىر ئەر كىشى ئۇنى چاقىرىپ توختۇتۇۋالدى:

— قىزچاق! بارماڭ!

رۇيلى ئارقىسىغا قارىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر ياش كىشى ئۈچ ئاچاق شاخ چىقارغان بىر دەرەخقە يۆلۈنۈپ، پىنسو بىلەن ئېيىقنى قارىغا ئېلىپ تۇرغانلىقىنى كوردى. رۇيلى ژۈگۈرۈپ بېرىپ، ژىگىتنىڭ مىلتىقىنى تۇتۇۋالدى:

— ئاتماڭ! داداڭغا تېگىپ كېتىدۇ!

— سىڭلىم، قورقماڭ. قارىغا تەگدۈرەلەيمەن. يالغۇز ئېيىقنىلا چىنلەيمەن... — دەپ، ژىگىت رۇيلىنى نېرى ئىتتەردى.

رۇيلى ئۇنىڭغا ئىشەنمەي ، ئاغزىنى ئاچقىنىچە قاراپ قال-
دى. ئۇنىڭغا ئىشىنىشى ھەم مۇمكۇن ئەمەس ئىدى ، قانداق
قىلىشىنى بىلەلمىدى.

«پاڭ!» — مىلتىق ئېتىلدى. ئېيىق پىنسو بىلەن بىللىلا
ژىقىلدى...رۇيلى كوزىنى ئىتتىۋالدى. ئۇ، تىترەپ، دەلدۇ-
گۇنۇپ دادىسى تەرەپكە ئېتىلدى...

ژىگىت ئاۋال پىنسونىڭ يېنىغا كەلدى. پىنسو قان ۋە
ژۇڭغا مىلەنگەن قولى بىلەن قېيىن دەرەخنى قۇچاغلاپ ئور-
نىدىن تۇردى.

— دادا!—دىدى ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەن رۇيلى،—
بىرەر يېرىڭىز زەخمەيدىمۇ؟

پىنسو قىزى بىلەن كارى بولماستىن، ئالدىدا تۇرغان بۇ
ئاجايىپ ژىگىتكە ھەيران بولغان ھالدا قارىدى. بۇ ژىگىت
خۇددى ئايالالارغا ئوخشاش ئۇزۇن چاچ قويغان، چاچلىرى
چۇگۇلۇپ كەتكەن ئىدى. يۇزى تىبەتلىكلەرنىڭكىدىن سەل
ئاقىراق، قاشلىرى ئاياللارنىڭكىگە ئوخشاش نازۇك ئىدى،
ئالدىغا چىقىپ كەتكەن، كەڭ مەيدىسىگە بويۇنغا ئاسىدىغان
رەڭدار جامەرۋايىت ئۇنچىلىرىنى — ئاياللارنىڭ نەرسىلىرىنى
ئېسىۋالغان ، بېلىگىمۇ بىر جۇپ ئاياللارنىڭ قىزىل كىگىز
ئوتۇگى بىلەن بىر دانە غىرجەكنى ئېسىۋالغان، لېكىن ئوزى
بالاڭ ئاياق ئىدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

— سىز كىم؟ — دەپ سورىدى پىنسو.

— مەن گەلەي[1] بولۇمەن.

بۇ ئاجايىپ ئىسىمنى ئاڭلىغان رۇيلى كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— نىمە ئىش قىلىدىغان ئادەمسىز؟ — پىنسو يەنە سورىدى.

— ھەي، ئاغا، سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا! — گەلەي يۈزىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى ئارقىسىغا تاشلىۋېتىپ سۆزلىدى، — بۇندىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئاجۇ[2] ئىدىم. ھازىر... ئاجۇلۇقمۇ قىلالمايدىغان بولدۇم. قېدىسىنىزىم تۇتقاق كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى... مەن ئۇنىڭ بىلەن جىزۇسەندە مازىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىپ كېلىۋاتقان ئىدىم. ئۇ يولدا ئۆلۈپ قالدى... تېخى ئۆلۈمىنى ئۇزاتمىدىم...

— نەدە قالدى؟ — پىنسو سورىدى.

— ئاشۇ دەريانىڭ بويىدا...

— زور! رۇيلى! ئاۋال كۆرۈپ كېلەيلى! — پىنسو رۇيلىنى تارتتى، — ئېيىقنى بىردەم تۇرۇپ كوتۇرۇپ كېتەرمىز...

گەلەي بۇ ئىككىيلەننى باشلاپ، بىر مۇنچە قېيىن دەرەخلىرىنى ئارىلاپ، دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى، دەريا بويىدا بىر ئات گەلەينى كۆرۈپ كىشنەشكە باشلىدى.

---

① «ئالدىرىماڭ» دېگەن سۆز.

② ناخشىچى، ئەلنەغمىچى.

— بۇ، مېنىڭ سۇرئېتىم. مانا كورۇڭلەر...—دېدى گەلەي.
ئۇ پىنسو بىلەن رۇيلىنى ئىتتىنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى. ئاتنىڭ
يېنىدا بىر ياش ئايال ياتاتتى...—بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم—ناۋا!
رۇيلى دادىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئاستا جەسەدنىڭ يېنىغا
كەلدى...بۇ جەسەدنىڭ ماڭلاي چېچى شامالدا لەزان يەلپۇ-
نۇپ، ئۇنىڭ پىشانىسىدىن ياشلىق، مۇلايىملىق ئالامىتىنى
كورسۇتۇپ تۇراتتى، پىشانىسىدا قىلچە قورۇق كورۇنمەيتتى.
لېكىن چىرايى ئادەمنىڭ قورققىسى كەلگىدەك ئاقارغان، كوز-
لىرى ژۇمۇلغان، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىنىقى قاپاقلىرىنى
يېپىپ ئالغان، كوزىنىڭ قورۇغىدا بىر ئەگىمەش سىزىق پەيدا
بولغان ئىدى. چىرايىلىق ھەم تولۇق مەڭزىدىكى يېقىملىق
زىنىق سەل-پەل كورۇنۇپ تۇراتتى. كورگەن كىشى ئايالنى
ھايات ۋاختىدا غەزەلگە ۋە ئۇسۇلغىمۇ ئۇستا بولسا كېرەك
دەپ ئويلايتتى، ئۇنىڭ ئويماقتەك ئاغىزى مەككەم ژۇمۇغلۇق
ئىدى، جوجىيىدىن بىر يېرى ئاغرىغان كىشىدەك بىر قىياپەت
بىلىنىپ تۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ ناھايىتى ئا-
زاپلانغانلىغىنى ھېس قىلاتتى؛ سۇنىئي ژىپەكتىن تىكىلگەن
قىزىل پەشمىتى ئۇنىڭ تېنىنى ئوراپ تۇرۇدۇ، يېنىدا بولسا
بىرداپ تاشلاغلىق...رۇيلى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى،
ئۇنىڭ ئالقىنىدىن تەر چىقتى...
— ئەلھۇكمۇ لىللا!—پىنسو دۇرۇت ئوقۇدى،—ھەي بىچا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رە، گۈلدەك ئېچىلدىغان ۋاختىڭدا غازاڭ بوپسەن...جايىڭ جەننەتتە بولغاي! ئاللاسىنىڭ ئۇ دۇنيالىقىنى بەرسۇن...

رۇيلى گەلەيگە يەر ئاستىدىن قارىدى. گەلەينىڭ كۆزىدە ياش يوق ئىدى، ئۇ، تەرىنى زوردىن-زورغا تۇرۇپ، ھەسسەرەتلەنگەن كىشىدەك قىياپەتكە كىرىۋالغان ئىدى. رۇيلى ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ كۆزىنى بىر ئالا يېتىپ ئالدىدە، جەسەتكە قاراپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، پىنسونىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ ژىغلاپ كەتتى.

پىنسو جەسەدنىڭ بېشىنى، گەلەي ئايىغىنى كۆتەردى، رۇيلى ئوتتۇرىدا تۇرۇپ دۈمبىسىنى تۇتۇپ، ئۈن-تۈنسىز ھالدا دەريانى بويلاپ ماڭدى. رۇيلى جەسەتكە قاراشقا پېتىنالمىدى، لېكىن بۇ ياشتا ئۆزى بىلەن تەڭ بولغان بىچارىنىڭ ئوبدان قارىۋالغۇسى كەلدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش كۆزىنى خىرەلەشتۈرۈپ قويدى. ئۇ: «بۇنىڭغا نىمە چارە بار، تۇتقاق كېسەل بىلەن ئۆلۈپتۇ. ئېھتىمال بۇباغرى تاش ژىگىت ياخشى قارىمىغان بولسا كېرەك. ئەپتىدىنمۇ چىقىپ تۇرۇدۇ»— دەپ ئويلىدى.

پىنسو دۇرۇت ئوقۇپ تۇرۇپ، جەسەدنىڭ بېشىنى سۇغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن جەسەت ھېچقانداق رەسمىيەتسىزلا دەرياغا ئۇزۇتۇلدى. قارلىق تاغدىن چۈشكەن سوۋۇق سۇ ئاستىلاپ جەسەدنى چوكۇرۇپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن

دەريانىڭ سۇيى يەنە خۇددى ھېچقانداق ۋەقە تۇغۇلمىغان-
دەك تېچلىنىپ كەتتى... لېكىن جەسەدنىڭ كىشى قورقىدەك
تاتىرىپ كەتكەن يۈزى بىلەن ھەسرەت بەلگىسى چىقىپ تۇر-
غان كالپۇكلىرى رۇيلىنىڭ كوز ئالدىدىن كەتمىدى.

— ھەي ژىگىت!—دىدى پىنسو ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ،
يەلكىسىنى تۇتۇپ،—قانداق، ئەندى قانداق قىلماقچىسىز؟...

— تېخى بىر نەرسە ئويلىغىنىم يوق، تاغا...

— ئوۋغا ئامراقمۇسىز؟ ئەگەر...

— ئوۋقىلىشنى بىلمەن، قارىغا چىنەلەيمەن، باتاگدىكى
ۋاختىمدا ئوۋچىلىق قىلاتتىم.

— ئەگەر خالىسىڭىز بىز بىلەن بىللە بولۇڭ، مەنمۇ رۇيلى
بىلەن ئىككى جان. ئوزىمىز سىبىرىق ياغ يىگەن يەردە، سىزگە
قۇرۇق چاي بەرمەسمىز...

رۇيلى پىنسونىڭ يېڭىنى سىلىدى.

— مەن...مەن...—گەلەي دىققەت بىلەن پىنسوغا قاراپ
ئالغاندىن كېيىن، يەنە رۇيلىگە قاراپ سوزلىدى،—دىلىڭىزلەرگە
ياقماي قالارمەنمىكىن دەپ قورقىمەن...

— دىلغا ياقمايدىغان ھېچنىمە يوق، مەن شۇنداق كوكۇل-
چەك ئادەم. ياش ئادەمنىڭ سەرگەردان بولۇپ ژۇرۇشنى
خالىمايمەن، خەلق ھوكۇمىتى غەمخۇرلۇق قىلىدۇ، شۇنداق
بولىسىمۇ ياش ئادەم ئوز كۇچى بىلەن جان بېقىشى لازىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

ھوكۇمەت قىلىدىغان ئىشلار ئاز ئەمەس. بۇرۇن ئۆزچىلىق قىلـ-
غان كىشى ئۆز جېنىنى باقالمايتتى. ھازىر بولسا تاغ ئېتەكلىـ-
رىدىكى داللارغا ئۆزىمىز بارىمىز. ھوكۇمەت چۈشۈرگەن تېرىلىرىمىزنى
پۇل قىلىپ بېرىدۇ. قاراڭ، مۇشۇ كوزىيەتمەيدىغان ئورمانلىق
بىزگە قارايدۇ. بۇيەردىكى ئېيىق، بۇغا، تۇلكە، ژىلپىز-
لەرنىڭ ھەممىسى چاقان ۋە قارىغا تەگدۈرەلەيدىغان ئوۋچىـ-
لارنىڭ! — پىنسو بېشىغا ئارتىۋالغان تۇلكە تېرىسىنى قولىغا
ئېلىپ، قولى بىلەن كومۇچتەك ئاپپاق تۇرغان چوققىنى كور-
سەتتى، — مەن رايونغا بېرىپ مەلۇم قىلىپ قوياي.

— رايونغا مەلۇم قىلىپ قوياي؟ — گەلەينىڭ پىشانىسى قو-
رۇلدى، — تاغا، سوزنى باشتا ئېيتىۋالايلى، سىز رايونغا بېرىپ
مەلۇم قىلىسىڭىز، مەن بۇيەردە تۇرالمايمەن. رايون مەندەك
ماكانسىز ئادەمنىڭ بۇيەردە تۇرۇشىغا ئۇنۇمايدۇ.

— بىز... — دېدى رۇيلى سوز ئارىلاپ، — رايونغا مەلۇم
قىلمىساق بولمايدۇ!

— مەلۇم قىلىشنى قىلىش كېرەك، — دېدى گەلەي غەيرى
تەبىي ھالدا، — ئەمما ئاۋال بىر نەچچە كۈن مېنىڭ سىلەرگە
ئەسقاتىدىغىنىم — ئەسقاتمايدىغانلىقىمنى كورۇپ بېقىپ، ئاندىن
مەلۇم قىلساڭلار ئېكەن.

— شۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ. — دېدى پىنسو، — بوپتۇ، بىر
نەچچە كۈننى ئوتكۈزۈپ مەلۇم قىلايلى، سىز بىزنىڭ ئويگە

كونۇپ قالغانـدىن كېيىن ، رايون بىلىسىمۇ، بەلكىم بىر نەرسە دىمەس.

رۇيلى يەنە چاندۇرماستىن پىنسونىـڭ يېـنىدىن تۇتۇپ سىلكىدى. پىنسو بولسا: سەن نىمىـنى بىلەتـتىڭ، شۇنداق بوبدان مەرگەننى يېنىمىزغا ئەكىۋالساق بولمامدىكەن، دىگەنـدەك قىلىپ، رۇيلىغە كولۇيۇپ قويدى.

— رەخمەت ئاتىدارچىلىقىڭىزغا! — دىدى گەلەي پىنسوغا تازىم قىلىپ، ئاندىن كېيىن كۇلۇمسىرەپ رۇيلىغە قارىدى.

رۇيلى ئوزىنى گەلەينىڭ كۇلۇمسىرەپ تۇرغان كوزىـدىن قاچۇرۇپ، ژىراقىغا قاراپ تۇرۇۋالـدى. ئۇ، هازىر پىنـسوغا ئوخشاش خوشال ئەمەس. ئۇ، هېلا راقىتا خوتۇنى ئولگەن بىر كىشىنىڭ بىردەمدىلا كۇلۇپ يەنە بىر قىزغا قارىشىنى هارئالـدىدە، بۇنى كوڭلىگە پۇكۇپ قويدى.

شۇندىن باشلاپ پىنسونىڭ ئاددىي ئائىـلىسىگە يەنە بىر ياش ئادەم قوشۇلدى، پاينايقا جايلاشقان چارۋىچىلىق هەم ئوۋچىلىق رايونلىرىدا بۇنداق ئائىلە تەركىپلىرى هەيران قالـغۇدەك بىر ئىش ئەمەس ئىدى.

## II

بەش كۇن ئوتۇپ كەتتى. پىنسو رايونغا مەلۇم قىلمىدى. كىگىز ئويدە رۇيلى چاي دەملىمەكتە. پىنسو بېشىنى ئوۋ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مىلتىقنى قويۇپ، كىگىز ئۆيىنىڭ تۈگلۈگىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئىسقا قاراپ ئولتۇرماقتا.

گەلەي ئۆيىنىڭ تېشىدا، دەريا بويىدا ئىپىقنىڭ تېرىسىنى سويماقتا. بۇ، تاڭ سۈزۈلگەن چاغدا قولغا چۈشۈرۈلگەن بىر چوڭ ئىپىق ئىدى. گەلەي ئىپىقنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېتىپ، مەشھۇر «لىخاسسا قىزى» دېگەن غەزەلنى ئاۋازىنىڭ بېرىچە توۋلىماقتا.

— رۇيلى! — دېدى پىنسو، — گەلەي خېلى باتۇر ژىگىت كۆرۈنىدۇ. بۇگۈن ئۇ بولمىغان بولسا، ئىپىقنى قاچۇرۇپ قويا تتۇق...

— شۇنداق دادا، ئۇ، ئۇستا مەرگەن ئىكەن.

— سېنىڭمۇ ئۇنى ماختايدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. مەن كۆڭلۈمدە، — پىنسو خۇشال ھالدا قىزىغا بىر قاراپ ئالدى، — ئەگەر ... ئەگەر ئۇنى كۈيوغۇل قىلىۋالسام...

— دادا! نېمە دەۋاتىسىز؟ — رۇيلى چاينەكنى دوققىدا قىلىپ قويدى، — ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ، ئىشەنچلىك ئادەممۇ؟

— داداڭغا ئاچچىغلاپ بەرمە! — پىنسونىڭ جەھلى قاتتى، — ئۇنىڭ بۇيەردە تۇرغىنىغا بەش كۈن بولۇپ قالدى، بەش كۈن!

— بەش كۈن؟ بەش كۈن بولغان بىلەنچۇ، سىز ئۇنى ياقشى بىلمەسلىكىڭىزمۇ مۇمكىن. سىزنىڭ بويىچە بولسا، بەش كۈن بولغان بىلىقنىڭمۇ سېسىق پۇراق بەرمەيدىغانلىرى بولۇدۇ! يا رايونغا بېرىپ مەلۇم قىلىپ قويمىدىڭىز!

— باللىنغىكنى قىلما. رايونغا مەلۇم قىلساق، چاتاق كوپۇ-
يۇدۇ. كادرلار تېگى - تەكتى نامەلۇم ئېكەن دەپ، تۇرغۇزماي
قويۇشى مۇمكۇن. مېنىڭچە، ئۇ، بىزنىڭ ئويدە بىر ئاز ۋاقىت
تۇرسۇن. سەن ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ، ئۇ بىزگە... بىزگە
كيو...غۇل بولغاندا، ئاندىن رايون باشلىقىغا مەلۇم قىلىپ قو-
يۇمەن. ئۇچاغدا رايون باشلىقىمۇ گەپ - سوز قىلمايدۇ.
— ياق. ماڭا كيوۋ كېرەك ئەمەس، مەن تېخى، بېيجىنگە
بېرىپ ئوقۇيمەن دەۋاتىمەن، رايون باشلىقى ئاللىقاچان ما-
قۇل كەلگەن، سىزنى يالغۇز قالارمىكىن دەپ تۇرۇۋاتىمەن .
— ئوقۇشۇڭغا قارشى ئەمەسمەن ، رۇيلى، سەن بويۇڭغا
يېتىپ قالدىڭ، تالالىق بولۇشۇڭ لازىم...
— دادا!— دەپ ۋاقىرىدى رۇيلى، — ئۇنداق ۋاپاسىز،
باغرى قاتتىق ئادەمنى كوزۇم كورمىسۇن !
— رۇيلى، سەن چۇشەنمەيسەن. ئۇ، كېلىش بىلەنلا ساڭا
ئوبدان مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. بۇنى مەن بىلىۋاتىمەن.
— ياق! ئۇ، ئوزىنىڭ ناۋاسىغا ۋاپا قىلمىدى!
— ھەي! ناۋا دىگەن ناۋا، سەن دىگەن سەن، ئۇ، ئەل-
ۋەتتە، ساڭا ئۇنداق مۇئامىلە قىلمايدۇ!
— ياق! ئوتتۇك ئالساڭ، چاغلاپ باق، دىگەن گەپ بار...
— رۇيلى ئورنىدىن تۇرۇپ سوزلىدى، — بولدى، گېپىم شۇ دادا!
— ھە ، توغرا، ئوتتۇكنىڭ گېپىنى قىلساڭ يادىمغا چۇشتى.

بۇگۇن بازارغا بېرىپ، ئېيىقنىڭ تورت ئالقىنىنى سات. ئوبدانراق پۇل بولسا، گەلەيگە بىر كون ئوتۇك ئال. تاغدا ئوۋ قىلىپ ژۇرۇدىغان ئادەم يالاڭ ئاياق ژۇرسە بولمايدۇ...

— ماقۇل! — دادىسىغا دۇمبىسىنى ئورۇپ تۇرۇۋالدى.

— گەلەي! — پىنسو تاشقىرىغا قاراپ قىچقىردى.

— ھە! — گەلەي جاۋاپ بىلەن تەڭ ژۇگۇرۇپ كەلدى.

— چاي ئىچىۋېلىڭ.

— بولۇدۇ. — گەلەي كىگىز ئويگە كىرىپ، پىنسونىڭ يېنىدا ئولتۇردى، — تاغا، سويۇپ بولدۇم، ئالقانلىرىنىمۇ كېسىپ ئالدىم.

ئوبدان قىپسىز. رۇيلى چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، بازارغا ئەپېرىپ ساتسۇن...

— چاي ئىچىڭ! — رۇيلى گەلەيگە چاي قويدى.

— كايىماڭ. مەن يات ئادەم بولمىغاندىن كېيىن... — گەلەي كەمتەرلىك بىلەن چوچەكتىكى چاينى قولىغا ئالدى...

— دادا، — دېدى رۇيلى ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن ماڭدىم.

— چېيىڭنى ئىچىۋېلىپ ماڭمامسەن؟

— ياق. بازاردا ئىچىمەن. — رۇيلى ئويدىن چىقتى.

— رۇيلى، — دېدى پىنسو ئارقىسىدىن چىقىپ، تۆۋەن ئاۋاز بىلەن. — رايون باشلىقىغا سوزلەپ ژۇرمە. بىر ئاز ۋاخت ئوتكەندىن كېيىن ئېيتارمىز...

— ئۇختۇم.—رۇيلى ئېتىغا مىنىپ، ئاتقا قامچا سالدى،—
ئۇختۇم!

پىنسو قىزنى بازارغا ئېۋەتكەندىن كېيىن بىر ئاز پۇشايمان قىلدى: «گەلەينىڭ بۇيەردە تۇرۇپ قالغانلىقىنى رايون باشلىقىغا ئېيتماي قويمايدۇ. بوپتۇ، ئېيتسا ئېيتۋەرسۇن، رايون باشلىقى ئۆزى بىر نەرسە دەر، ئۇ، رۇيلىنى بېيجىڭگە ئوقۇشقا ئېۋەتمەكچى بولغاندىن كېيىن، مەندەك بىر چالنى بۇ ئورمانلىقتا يالغۇز قىلىپ قويماس، ھەر قاچان گەلەينى مېنىڭ يېنىمدا قالدۇرماي قويمايدۇ...»

رۇيلى ئۆز-ئۆزىگە: «رايون باشلىقىغا ئېيتسا؟—قاراپ تۇر، ئېيتمىغىنىمنى كور! ئۇنچىلىك ئىشنى چۈشەنمىسەم بولامدۇ!»—دەپ، ئېتىنى قامچىلاپ ئۇچتى.

### III

رۇيلى قايتىپ كەلگەندە كۈن ئولتۇرغان ئىدى.

— رۇيلى، قايتىپ كەلدىڭمۇ!—دىدى كىگىز ئويىنىڭ تېشىدا قىزنى كۈتۈپ تۇرغان پىنسو،—مانا، مەخمەل ئوتۇك ئەپىسنا؟ كىمدىن پۇل قەرز ئالدىڭ؟— بوۋاي رۇيلىنىڭ بەلۋېغىغا ئېسىقلىق تۇرغان مەخمەل ئوتۇكنى كوردى.

— ھېچكىمدىن قەرز ئالمىدىم!—ئۇ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، يېشىل گىرۋەكلىرى يالتىراپ تۇرغان قارا مەخمەل ئو-

تۇكنى قولىغا ئالدى ،ــمەنمۇ ئويلىمىغان ئىدىم. قىزىق بولدى! سىز ماڭا بىر كىشىلىك كون ئوتۇك ئال دىگەن ئىدىڭىز. بازارغا بارسام، ئېيىقنىڭ تورت ئالقىنىنىڭ بازىرى چىقىپ قالدى. مەنمۇ چوڭ گەپ قىلىپ، بىر ئالقانىنى 10مىڭ دوللار دىدىم. ئاجايىپ بىر خېرىدار ئالدىمغا كەلدى ، ئۇ ، باشقا جايدىن يېڭى كەلگەن خەنسۇ ئېكەن، ئاڭلىسام، مەدەن تەكشۈرگىلى كەلگەنلەردىن ئېكەن، ئۇ «10مىڭ دوللار بولسا بەك ئەرزان ئېكەن سىڭلىم، سىزگە بىردانە ئالقانىغا 20مىڭ دوللار بېرەي، ياق، 25مىڭ دوللار بېرەي. تورتىلىسىنى ئېلىپ، بېيجىڭگە ئېۋەتىمەن...»ــ دىدى. مەن ئىشەنمىدىم. ئۇ 100 مىڭ دوللارنى تۇتقۇزۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، تورت ئالقانىنى 100 مىڭ دوللارغا سېتىپ، ئۆزەم ئېلىپ بارغان 100مىڭ دوللارنى قوشۇپ بۇ مەخمەل ئوتۇكنى ئالدىم...

«ئەقلىڭدىن ئورگىلەي!»ــ دەپ ئويلىدى بوۋاي كوڭلىدە، ــ «گەلەينىڭ قامىتى بۇنى ئېرىتىۋەتكەن ئوخشايدۇ!»

ــ دادا! ــ دىدى رۇيلى پىنسو بىلەن ئويگە كىرىپ، تورت ئەتراپقا قارىغاندىن كېيىن، ــ گەلەي قېنى؟

ــ يوق.

ــ راست يوقما؟

ــ راست. دەرياغا بېلىق تۇتقىلى كەتتى.

ھەقىقەتتە گەلەي ئاستا قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئىشتىمۇ

بۇ تونۇش ئادەمگە قاۋىماستىن قويرۇغىنى شىپاڭلىتىپ تۇراتـ
تى. گەلەي كىگىز ئويگە يېقىن كېلىپ توختىدى، ئاستا ئولـ
تۇرۇپ، ئىشتىنى قۇچاغلاپ، قۇلىقىنى كىگىز ئويگە تىكتى.

— دادا! — رۇيلىنىڭ ئاۋازى چىقتى، — مەن گەلەيىنى
رايون باشلىقىغا ئېيتتىم.

— ئېيتتىم؟ مەن ساڭا بىر نەچچە كۈن ئوتكەندىن كېيىن
ئېيتايلى دېمىدىممۇ، ھەر قاچان رايون باشلىقى بۇنىڭ تۇـ
رۇشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ.

— رايون باشلىقى خېلىلا خاپا بولـدى. ئۇ يەنە: پىنسو
خېلى بىر نەرسىنى چۈشۈنۈدىغان ئادەم، بىزنىڭ بۇ چېگىرىمىز
مۇرەككەپ، ئادەم كوپ، يات ئادەم كەلسە نىمىشكە مەلۇم
قىلمايدۇ، — دەيدۇ.

— مەن مەلۇم قىلاي دەۋاتاتتىم...

— نىمىشكە بەش كۈندىن بېرى مەلۇم قىلمايسىز!

— رايون باشلىقى گەلەي تۇردۇەسۇن دىدىمۇ؟

— رايون باشلىقى ئەرتە كەلمەكچى، شۇ چاغدا بىر گەپ
بولۇدۇ.

— رايون باشلىقى كېلەمدىكەن؟

— كېلىدۇ. مېھمان قىلىشقا بىر نەرسە تەييارلىساق بولۇدۇ.

— گەلەي كىمىكىنىڭ پەيلىرىنى...

— يەنە گەلەي دەيسىزغۇ، مېنى بويرىسىڭىز بولمامدۇ!

www.uyghurkitap.com

رايون باشلىغى مېنىڭ بېرىشىمنى غەيرى كىشى بىلمىسۇن دەيدۇ.
ئۇنىڭ سىرتىدا ئولتۇرغان گەلەي ئىختىيارسىزلا ئىشىكنىڭ قۇرسقىنى مۇجۇپ سالدى، ئىشت غىڭشىۋەتتى. بۇنى ئۇيەردىكىلەر ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك. ئۇيەردە يەنە سوز داۋام قىلدى:

— نىمىشكە؟ گەلەي يات ئادەم ئەمەسقۇ؟ — دېدى پىنسو،

— مەن تېخى ئۇنى كيوغۇل قىلىۋالىمەن دەۋاتىمەن.

— ئۇنىڭ يات ئەمەسلىگىنى نەدىن بىلىسىز؟

— مەن ئۇنى يات دېمەيمەن.

— ئۇچۇ؟

— ئۇمۇ مېنى يات كورمەيدۇ.

— سىز ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىڭىزمۇ ياكى ژۇرۇگىگە؟

— ... — پىنسو جىم بولۇپ قالدى...

گەلەينىڭ ژۇرىگى سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ، يانىبېغىردىن سايىغا سىرىلىپ چۇشۇپ، ئوگدىسىغا يېتىپ، ژۇلتۇزلارغا قاراپ خىيالغا كەتتى:

«بۇ يەردە يەنە بىر نەچچە كۇن تۇرۇشقا كوزۇم يەتمەيدۇ، كەتمەي بولمىدى! نىمىشكە بۇ خەقنىڭ ئارىسىغا چوكۇپ كېتىش شۇنچە قىيىندۇ؟ ئاجۇغا كيوغۇل بولدۇم، ئاجۇنىڭ چىرايلىق قىزىغا ئاشىق بولدۇم، شىرىن سوز ۋە ئۇستۇلۇق بىلەن ناۋانىڭ كوڭلىنى ئۇتۇۋالدىم. ئۇ، ئوز رازىلىغى بىلەن

ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ، مېنىڭ ئارقامغا كىردى . لېكىن مەن ئۇنىڭغا ئوزۇمنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنىمۇ شۇ ئىشقا قاتناشقىن دىسەم، ئۇ بىر دەمدىلا ئوزگۇرۇپ، مېنى خۇددى ژىر تقۇچتەك كورۇپ، خەنجىرىنى بېشىمغا ئۇردى ، ئەگەر شۇ چاغدا قۇرسىقىغا كۇچاپ تەپمىگەن بولسام مېنىڭ ئىشىم ئال-لىقاچان تۇگەيتتى. ئەندى بۇ بوۋاي مېنىڭ مەرگەنلىگىمگە ئاشىق بولۇپ، مېنى ئويىدە تۇرغۇزۇپ قالدى، بۇنىڭ قىزىمۇ ناۋاغا ئوخشاش، بەلكى ناۋادىنمۇ ئارتۇق چىرايلىق ئېكەن... چارۋىچىلار بىلەن ئوۋچىلار ھەريەرگە كوچۇپ ژۇرسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ كوڭلى ھوكۇمەت بىلەن بىر ئېكەن...مېنىڭ كەل-گىنىمگە بەش كۇن بولماي، رايون باشلىغى بىلىپ ئېلىپ، مېنى ئىزلەپ كېلىدىغان بوپتۇ. مېنىڭ نەدىن كەلگەنلىگىمنى بىلىپ قالغان بولسا كېرەك...كەلسە ـ كەلسۇن! كورۇشۇپ باقايلى ! مەن سەنلەرنى ئوق بىلەن كۇتۇمەن!»

گەلەي ئورنىدىن تۇرۇپ، چاندۇرماستىن «لىخاسىسا قىزى»نى ئوقۇپ، كىگىز ئويگە كىردى...

ــــ گەلەي، قاراڭ،ــــ دىدى پىنسو ئۇنىڭ ئويگە كىرىشى بىلەن مۇلايىملىق بىلەن،ــــ رۇيلى سىزگە بىر مەخمەل ئوتۇك ئېلىپ كېپتۇ...

گەلەي ئوتۇكنى قولىغا ئېلىپ، يەر ئاستىدىن رۇيلىگە قا-رىدى. شۇ چاغدا رۇيلىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. گەلەي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىگىز ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان ھىلىقى قىزىل ئاياغچە كىگىز ئوتۇكنى ئېلىپ، رۇيلىگە ئۇزاتتى:

ــ بۇ ئانچە ياخشى ئەمەس، لېكىن پوسۇنى جايىدا. لىخاسىدا تىكىلگەن. ئەسلىدە ناۋا ئۇسۇل ئوينىغاندا كىيەتتى. ئۇنىڭغا نېسىپ بولماي قالدى. ئۇ ۋاپات بولدى... سىزگە بېرەي!

ــ ماڭا؟ــ رۇيلى ئۈنلۈك سوزلىدى، ــ ماڭا كېرەك ئەمەس!

ــ خىجىل بولۇۋاتىدۇ. ــ دىدى پىنسو ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ ئوتوكنى قولىغا ئېلىپ، رۇيلىنىڭ ئالدىغا قويىدى، ــ سىنىڭ ئۇچۇن مەن ئېلىپ قوياي.

ئۇچۇيلەن گەپ ـ سوزسىز ئولتۇرۇپ ـ چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن يېتىشتى. ئۇخلاشتىن ئىلگىرى رۇيلى بىر داڭقان كىيىمك سىگىرلىرىنى ئوتقا قويۇپ قويدى.

كىگىز ئوينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوتنى چورىدەپ چوشەكلەر سېلىندى، چوشەكلەرنىڭ ئاستىغا قارىغاي شاخلىرى، شاخ ئۇستىگە تېرە سېلىندى. پىنسو توردە ياتتى، رۇيلى بېشىنى پىنسونىڭ بېشى تەرەپكە قىلىپ، دادىسى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى ياتتى. گەلەي بولسا ئوتنىڭ نېرى تەرىپىدە ياتتى.

رۇيلى يېتىش بىلەنلا ئۇخلىدى. ئۇنىڭ يۈزى ئوت تەرەپكە قارشى ئىدى. گەلەي دىققەتچىلىك بىسىپ، زادىلا ئۇخلىيالماي، رۇيلىگە قاراپ قويۇپ ياتتى. ئوت ۋاللىداپ

كويمەكتە. ئۇ، رۇيلىنىڭ سەل ــ پەل مىدىرلاپ تۇرغان بۇرنىنى، قىزىل جىنەستىگە ئوخشاش كالپۇكلىرىنى، ژۇمۇغلۇق تۇرسىمۇ، لېكىن مەغرۇر كۇلۇمسىرەپ تۇرغان كوزلىرىنى، ئەدىيالنىڭ تېشىغا چىقىپ تۇرغان، غازنىڭ بوينىدەك يۇمشاق بىلەكلىرىنى ئوچۇق كورۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كوزى شۇ بىلەككە چۇشۇش بىلەن، بىردىنلا بوينى ئاستىغا ئېلىپ ياتقان ناۋانىڭ بىلەكلىرى ئېسىگە كەلدى... لېكىن هازىر بولسا ئىگەرنى بېشىغا قويۇپ ياتماقتا.

«هەي، هازىر ئۇلارنى ئويلاپ نىمە قىلارمەن!» گەلەي ئوز ــ ئوزىچە سوزلەپ، يەنە خىيال سۇردى، «تاڭ ئېتىشقا يەنە خېلى ۋاخت بار. بۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بەرمەي بولمايدۇ!»ــ ئۇنىڭ كوزى شىرىن پۇراق چىقىرىۋاتقان داڭقانىغا چۇشتى.

چىچەن ئوۋچى بوۋاينىڭ قولىغى ناهايىتى ئوتكۇر ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كوزى ئادەمنىڭ روهىنى كورۇشكە ئاجىزلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ ياۋاشلىغى كوزىنى خىرەلەشتۇرۇۋەتكەن ئىدى.

ــ گەلەي، ــ دىدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، ــ تېخى ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟ يەرىيەڭگۇشلىگەشكە يات سىنىۋاتامسىزيا؟...ئاستا كونۇپ قالىسىز...

ــ شۇنداق تاغا! ــ دىدى گەلەي ئۇيقۇسىرىغان هالدا جاۋاپ بېرىپ، ئۇ قوينىدىن بىر قەغەز بولاقنى ئالدى...

www.uyghurkitap.com

## IV

كوڭلىدە بىر ئەندىشە تۇرغان رۇيلى تاڭ ئاتماستىنلا ئويـ
غاندى . ئۇ قىزىقسىنغان ھالدا ھېلىقى قىزىل مەخمەل ئوت
تۇكىنى كىيىپ، ئوتنى چۇخـچۇلاپ قويۇپ، بىر ئاز ئوتۇن
سېلىپ قويدى، ئاخشام دۇملەپ قويغان كىيىمك سىڭىرىغا قاـ
راپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر ئاز سۇ قويۇپ قويدى، ئوتۇن سېلىنغان
ئوت يەنىمۇ ۋاللداپ. ئۆينى يوپ ـ يورۇق قىلىۋەتتى. پېنسو
بېشىنى ئەدىيالىنىڭ ئىچىگە تىقىپ خورەك تارتىپ ئۇخلىماقتا.
رۇيلى ئاللدى تەرەپكە قارىدى : گەلەي يوق! يالغۇز ئوزىلا
ئەمەس، بېشىغا قويغان ئىگەر ۋە مىلتىقىمۇ يوق. رۇيلى ئويدىن
چىقىپ قارىدى، ئۇنىڭ ھېلىقى سۇرئىتىمۇ يوق. «ئۇ كېتىپ
قاپتۇ! نىمىشكە گەپ ـ سوز قىلماي كەتكەنىدۇ؟ ئۇ...زادى
قانداق ئادەمدۇ؟» رۇيلى ئوزىنىڭ بوز ئېتىغا ياۋاداقلامىنىپ،
ئوزىنىڭ ئوۋ ئىتىنى قىچقىردى. ئۇ ئىتىمۇ ئېگىسىنىڭ گەلەينى
ئىزدىشىنى بىلىپ، قويرۇغىنى شىپاڭلىتىپ، شەھەرگە ماڭىدىغان
چىغىر يولغا قاراپ زۇگۇردى، چۇنكى ئۇ باياراقتا گەلەينىڭ
شۇ يولغا ماڭغانلىقىنى كورگەن ئىدى، رۇيلى ئوتۇكى بىلەن
ئېتىنى بىقىنداپ ماڭدى، ئاتمۇ تىلىنى ساڭگىلىتىپ ئۇچقاندەك
كېتىۋاتقان ئىتىنىڭ ئارقىسىدىن چاپتى...

پېنسو ئويغۇنۇپ قارىسا، قىزى بىلەن گەلەي يوق. ئۇنىڭ

ئۇستىگە قىزىنىڭ قىزىل مەخمەل ئوتۇكنى كىيىپ كەتكەنلى-
گىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوز ئىچىدە كۇلدى:

— ھەي ئوتۇك! سەن ئىككى ياشنىڭ تونۇشتۇرغۇچىسى
بوپسەن دە!

رۇيلى كۈن چىققىچە گەلەيگە يېتىشەلمىدى. ئۇ، ھەدەپ
ئىشت بىلەن ئاتنى ھايدىماقتا...

بىر تارئېقىنغا يېتىپ كەلگەندە ئىشت ئورمانلىق ئىچىگە كىر-
دى. رۇيلىمۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئورمانلىق ئىچىگە
كىرىشىگە، دوڭدە مىلتىقنى بىرتۇپ دەرەخنىڭ ئاچىمىغى
ئوتتۇرىسىغا قوروپ، ئالدىدىكى چىغىر يولنى قارىلاپ ئولتۇر-
غان گەلەينى كوروپ قالدى. رۇيلى گەلەينىڭ ئۇستامەرگەن
ئىكەنلىگىنى بىلەتتى. رۇيلى ئۇنىڭ قارىغا ئېلىپ ئولتۇرغان
تەرىپىگە قارىدى: ژىراقتا ئىككى ئاتلىق تىبەت كىشىسى كېلى-
ۋاتاتتى. ئۇلار ئازاتلىق ئارمىيە شەپكىسىنى كىيىۋالغان ئىدى.
بۇنى كوروپ، «ئاھ!» دەپ ۋاقىرىغان رۇيلى ئاغزىغا شامال
ئۇرۇلۇشى بىلەن، ئۈن چىقىرالماي قالدى. ئۇ، «رايون باش-
لىقى كەلگەن بولسا كېرەك!»، دەپ ئويلاپ، دەرھال دوڭگە
چىقىپ ۋاقىرىدى:

— گەلەي!

گەلەي دەرھال مىلتىقنى تارتىپ ئېلىپ، ئارقىسىدا تۇر-
غان رۇيلىنى كوردى. ئۇ، مىلتىقنىڭ كارنىيىدىن تۇتۇۋالغان

رۇيلىگە زۇۋان چىقىرالماستىن تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— رۇيلى، سىز نىمە دەپ كەلدىڭىز... مېنىڭ ئۇلاردا ئۇچۇم بار... سىز بىلەن مەن بىر ئويلۇكقۇ!

— ياق! ئۇلاردا ئوچۇك بولغىنى مەندە ئوچۇك بولغانغا ئوخشاش. سەن بىلەن ئالۋاستى بىر ئويلۇك! مىلتىقنى تاشلا!

— نىمە؟ — گەلەيىنىڭ چىرايى خۇنۇكلەشتى. پىشانىسىدا قاتىللىق ئالامىتىنى بىرىپ تۇرۇدىغان قورۇقلار پەيدا بولدى. ئاغزى كالچايدى. ئۇ پالاق-پۇلۇق قىلىپ، رۇيلىنى دوڭدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتتى. رۇيلى «ۋايجان» دەپ موللاقلاپ چۈشتى، ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ كوز ئالدىدا ناۋانىڭ كىشىنىڭ قورقۇسى كەلگىدەك جەسىدى، چىرايى پەيدا بولدى. ئۇ «مەنمۇ شۇنىڭدەك بولۇپ قالارمەنمۇ؟» دەپ ئويلىدى... ئوۋچى ئىشتىمۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

رۇيلىنىڭ بىردەم قوپالماي قالغانلىقىدىن پايدىلانغان گەلەي، زۇرەكلىرى سوققان هالدا، مىلتىقنى ئېلىپ يېقىن كېلىپ قالغان ئاتلىقلارنى قارىغا ئالدى...

«ۋاك!» — گەلەي بىر پاي ئوق چىقاردى. لېكىن زۇرىگى قاتتىق سالغانلىق ئۈچۈن تەگدۈرەلمىدى. ئىككىنچى پاي ئوقنى ئېتىشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى، بىردىنلا ئارقا بىلىگە سوغۇق بىر نەرسىنىڭ كىرگەنلىگىنى هىس قىلدى، قولىدىكى

مىلتىق يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئۆزىمۇ خۇددى پۈتۈن ئەزايى قورۇلغاندەك تۈگۈلۈپ يەرگە ژىقىلدى...

رايون باشلىقى ئۆز خىزمەتچىسى بىلەن ئىپتىنى ژۈگۈرتۈپ يېتىپ كەلدى. رۇيلى خەنجەرنىڭ غىلىپىنى تۇتقان هالدا، ئارقا بىلىگە خەنجەر قادالغان بىر كىشىنىڭ يېنىدا تۇراتتى، خەنجەر يېگەن كىشى بولسا مىلتىقنى قوچاغلاپ قان ئىچىدە دومىلايتتى، رايون باشلىقى ھەممىنى چۈشۈنۈپ، ئىپتىدىن سەكرەپ چۈشتى:

— رۇيلى، گەلەي دىگەن مۇشۇمۇ؟

رۇيلى بېشىنى لىڭشىتىپ، شۇ دىگەن ئىشارەتنى قىلدى.

— ھە!—رايون باشلىقى ۋاقىرىۋەتتى،—بۇنىڭ ئىسمى گەلەي ئەمەس، چوسى!

— ھە!—گەلەي جان تالىشىپ تۇرۇپ، بېشىنى كوتۇرۇپ، رايون باشلىقىغا چوچىغان ۋە دەهشەتلىك كوزىنى تىكتى. كېيىن ماغدىرسىزلاندى، ئاغرىقتا چىدىماي قاتتىق ژومىلاندى. بىلىدىكى خەنجەر بارغانسېرى ژورۇگىگە سانجىلىپ باردى. ئۇنىڭ ھېلىقى خوتۇن كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشاش چاچلىرى پاخالغا مىلىنىپ كەتتى، يۇزى كوتەك—چوماقلارغا سۇرۇلدى...

«هئ...هئ...!»—رۇيلى بىردىنلا يۇزىنى تۇتۇپ ژىغلاشقا باشلىدى.

— رۇيلى، نىمىگە ژىغلايسىز؟—رايون باشلىقى ئۇنى بەزلىدى.

رۇيلى توختىتۋېلىپ، يەنە ژىغلاشقا باشلىدى.

— رۇيلى، نىمىشقە ژىغلايسىز؟ بۇنى ياخشى كورمەيدىغان تىكىنىزمۇ يا؟

— ياق!—رۇيلى ژىغلاپ تۇرۇپ سوزلىدى،—مەن نۇرغۇن ياۋانەرسلەرنى ئولتۇردۇم. لېكىن ئادەم ئولتۇرۇپ باقمىغانىتىم. بۇ قېتىم ئادەم ئولتۇرۇپ قويدۇم، يامان قىلدىم!

— رۇيلى!—دېدى رايون باشلىقى ھېلىقى نەپەستىن توختىغان گەلەينى تېپىپ،—قاراڭ، بۇنىڭ نەرى ئادەمگە ئوخشىسۇن؟

رۇيلى ئېسىگە كېلىپ ياشلىرىنى سۇرتۇپ، غەزەپ بىلەن گەلەيگە قارىدى، كېيىن ئاستىلاپ بېشى چۇشۇپ كەتتى، ئۇ، شۇچاغدا پۇتىدىكى قىزىل ئوتۇكنى كوردىدە، كوز ئالدىدا ناۋانىڭ ئازاپ چەككەن كالپۇكلىرى پەيدا بولدى... «بۇ مۇناپىق بۇ ئوتۇكنى يەنە بىر قارا باسقان قىزغا بېرىۋەتكىلى تاس قاپتۇ!»—ئۇ، خىيال سۇرۇپ تۇرۇپ، بىردىنلا بېشىنى كوتۇرۇپ، گەلەينىڭ بىلىدىكى خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئالدى. گەلەي «ئىھ» قىلىپ جان ئۇزدى. رۇيلى خەنجىرىدىكى قاننى گەلەينىڭ ئۇستىگە سۇرتتى.

رايون باشلىقى بىلەن خىزمەتچى چوسىنىڭ يىنىدىن ئالا-قىلىشىشتا ئىشلىتىدىغان بىر تېرە قورچاقنى، بىر نەچچە بولاق ئوغا ۋە بىرناگاننى ئاختۇرۇپ تاپتى.

— ژۇرۇڭ، رايون باشلىغى. دادام يولىڭىزغا قاراپ تۇرۇدۇ!
رۇيلى ئېتىغا مىنىپ رايون باشلىغى بىلەن بىللە ئوز ئويىگە قاراپ ماڭدى.

پىنسو پىشقان كىيىك سىڭىرىنى بىر ياغاچ تاۋاقـقا ئۇ-سۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئاز قارامۇش سېپىپ قويۇپ، ئويدىن چىقىپ، ئىككى قولىنى بىلىگە ئىسلىپ تۇرۇپ، ئوز-ئوزىـچە خوشال سوزلىدى: «بۇ ئىككى بالا چىقىشىپ قالـدى رايون باشلىغى گەلەينى تۇرغۇزۇپ قالسا ياخشى بولاتتى!»

ئۇ، ژىراقتىن كېلىۋاتقان ئۇچ ئاتلىقنى كورۇپ، خوشال ئالدىغا بېرىپ:

— رايون باشلىغى، هارمىغايلا! سالام!— دېدى.

— سالام، سالام!— دېدى رايون باشـلىغى ئېتىدىن چۇ-شۇۋېتىپ، پىنسو بۇلارنىڭ كەيپىنىڭ بۇزۇۇلغىنىنى، يەنە بىر ئاتتىكى كىشى گەلەي ئەمەس، رايون باشلىغىنىڭ خىزمەتچىـسى ئېكەنلىگىنى كورۇپ، قېتىپلا تۇرۇپ قالدى. كېيىن قىـزىنىڭ گەلەينىڭ سۇرئېتىنى يىتلەپ كېلىۋاتـقىنىنى كورۇپ سورىدى:

— گەلەي قېنى؟ سىلەر بىللە چىقىپ كەتمىگەنمۇ؟

— مەن بىلەن بىللە چىقمىدى!

— بىللە چىقمىدى؟...— پىنسو هاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى.
رۇيلى تالادا تۇرۇپلا پىنسوغا بۇگۇن سەهەردە بولـغان

ۋەقەنى سوزلەپ بەردى. پىنسو قىزىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ بو-
لۇشىغا، بېلىدىكى ئىككى قولى ئوز - ئوزىدىن چۈشۈپ كەتتى
قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

—— پىنسو، ساھىپخان بولغان ئادەم مېھماننى تالادا تۇرغۇ-
زۇپ قويسا بولامدىكەن، ئويگە تەكلىپ قىلمايسىزغۇ! —— دېدى
رايون باشلىقى بىر ئاز توختاپ.

—— ۋاي، ئىلتىپات قىلسىلا! —— دېدى پىنسو دەرھال رايون
باشلىقىنى تەكلىپ قىلىپ، —— ئوزلىرىگە بىر ئاز كىمىك سىگىرى
پۇشۇرۇپ قويدۇم.

—— شۇنداقمۇ! —— رايون باشلىقى ئويگە كىردى، —— كىمىك
سىگىرى بار دەڭ، بۇ ئوبدان بوپتۇ.

ھەممۇيلەن ئولتۇردى. ئوۋ ئىشتىمۇ قۇيرۇغىنى ئوينۇتۇپ
رايون باشلىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. قايىدە بويىچە،
ساھىپخان مېھماننى تەكلىپ قىلاتتى. ئاندىن كېيىن مېھمان
چوكىنى قولىغا ئالاتتى. ھازىر ساھىپخانىنىڭ ھەر ئىككىسى
قاتتىق ئويغا چومۇپ، مېھماننى تەكلىپ قىلىشنى ئۇنۇتقان
ئىدى. رايون باشلىقى چوكا بىلەن بىر پارچە سىگىرنى قىسىپ
ئېلىپ، ئاۋال ئىشتقا بەردى. ئىشت «كاپ» قىلىپ ژۇتىۋەتتى...

—— بۇ نىمە ۋەقە؟ —— پىنسو ئىشتقا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ئىشت بىردىنلا ئالدى پۇتلىرى بىلەن يەرنى تاتىلاپ، بارغانسې-
رى جىددىيلىشىپ، قاچا - قۇچىغا بىر مۇنچە تويا چاچرىتىۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

ھەممە گەپ ــ سوزسىز ئولتۇرماقتا. پىنسو چوچۇگىنىدىن
ھەتتا دېمىنىمۇ ئالالمىدى، رۇيلى ھاڭ ــ تاڭ بولۇپ ئولتۇرۇدۇ.
پەقەت رايون باشلىقى بىلەن خىزمەتچى ھەيران بولماستىن
خاتىرجەم ئولتۇراتتى.
ئوۋچى ئىشت ئىككى قېتىم قان قۇسۇپلا يەرگە ژىقىلدى.
ــ رۇيلى! ئۇلار مۇدھىشمىكەن، بىز مۇدھىشمىكە نىمىز؟ ــ
رايون باشلىقى سورىدى.
رۇيلى ئوزىنىڭ ئۇششاق چاچلىرىنى تۇتقىنىچە جاۋاپسىز
تۇرۇپ قالدى..
يۇز ــ كوزىدىن تەر ئېقىپ تۇرغان پىنسو تىتىدىگەن ھالدا
ئوزىنىڭ ئامراق ئىشتىنى قۇچاغلاپ، خىجىللىقتا تووەن ئاۋاز
بىلەن سوزلىدى:
ــ توغرا...مەن غەپلەتتە ژۇرۇپتىمەن!..
1954 ــ ژىلى ژىلى 23 ــ ئاۋغۇست، يۇننەن ئولكىسى كوكمىن
ئارشىگىدا يېزىلدى.
1954 ــ ژىلى دېكابىر بېيجىندە توزۇتۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كىتاپ نومىرى: 200 (4) 960

# ئوۋچى قىزى

ئاۋتورى : بەي خۇا

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى باقى

تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: د. تۇرەخمەتوۋ

كوررېكتورى: ق: خۇجايوۋ

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئادرېس: بېيجىن گوزىجەن 54 ــ قورا.

بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ

رۇخسەت قەغىزى نومىرى: «ن– 047»

مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

---

1957 – ژىلى ئاپرېلدا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

1975 – ژىلى ئاپرېلدا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

تىراژى : 1–9500، باھاسى: 17 پۇڭ.

書號:960(4)200

猎人的姑娘

(維吾尔文)

白　樺著

托乎提巴克翻譯

托熱合买托夫校訂

卡·赫加优夫校对

民族出版社出版

地址：北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷廠印刷

新華書店發行

---

1957年4月北京第一版

1957年4月北京第一次印刷

787耗×1092耗1/32　印張$4\frac{3}{16}$

印數:1—9.500冊　定價:一角七分

統一書號：M10049·維32